# مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى

4 ـ سان

1985

# مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى

(پەسىللىك ژورنال)

٤ - سان

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى
تەتقىقات ئىنستىتۇتى

1985

ئۈرۈمچى

# مۇندەرىجە


« قۇتادغۇبىلىك » ۋە مېھماندارچىلىق ........................ ت . ساقىم 1

« قۇتادغۇبىلىك » داستانىدىكى باش قاپىيىلىك مىسرالار .......... ئە تۆمۈر 10

30 ـ يىللار ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە بىر نەزەر ..................... ق . ئەكبەر 18

تالانتلىق شائىر — لىرىك ناخشا .............................

— ت. ئالماس ئىجادىيىتىنىڭ 40 يىللىقى ......... ...م . زەيدى 30

ئا. ئۇيغۇر ئىجادىيىتىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ................ م. شانىياز 38

بەدىئىلىك جەھەتتىكى چوڭ قەدەم

— يازغۇچى سەمەت دوگايلى ئىجادىيىتى ھەققىدە ...... ئابدىلىم رىھىم 50

X X X

قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى ......... ئا . ئەھمىدى 63

قەدىمقى تۈركى تىلىدىكى تەبىرنامە — نەزمى ئەسەر ۋ . ئى . ستېبلىۋا 76

X X X

ساتىرا ئىجادىيىتى توغرىسىدا ھېزىم قاسىم 87


---


مەسئۇل مۇھەررىرى: مەھمۇت زەيدى

# «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە مېھماندارچىلىق

تۇرسۇنئاي ساقىم

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مىللىي باراۋەرلىك، ئۆز - ئارا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىغا قۇرۇلغان توغرا مىللىي سىياسىتىنىڭ ئىلھامى بىلەن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قېدىمقى يادىكارلىقى، ئەدەبىي مىراس بولغان «قۇتادغۇبىلىك» دىن ئىبارەت بۇ نادىر ئەسەر، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن 1980 - يىلى قولغا ئېلىنىپ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى نەزمى يەشمىسى ترانسكرىپسىيەلىك ئەسلى نۇسخىسى بىلەن نەشردىن چىقتى.

بۇ قىممەتلىك ئەسەرنى تەرجىمە قىلىشقا تەييارلىق كۆرۈش يۈزىسىدىن 80 - يىلى «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ تۈركچە نەسرىي تەرجىمىسىنى قىلىش ماڭا تاپشۇرۇلغان ئىدى. مۇشۇ تەرجىمە جەريانىدا مەن بۇ نادىر ئەسەر بىلەن تونۇشۇپ ئۇنىڭدىكى مول ئىلىم - ھىكمەت، پەزىلەت ۋە خىسلەتلەردىن چوڭقۇر تەسىرلەنگەن ئىدىم. ئۇنىڭ ھەر قايسى ساھەلەردە كىتابخانلارغا بەخش ئەتكەن قىممەتلىك نەسىھەتلەرنى كۆرۈپ ئۆزەمنى چەكسىز ئىلىم دېڭىزىغا چۆمگەن ۋە سان-ساناقسىز بىباھا ھىكمەت ئۈنچىلىرىنىڭ غەزىنىسىگە كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. بۇ قىممەتلىك گۆھەرلەردىن قايسى بىرسىنى تاللاپ ئېلىشنى بىلەلمىدىم. ئۇنىڭدىن بۇ قىممەتلىك. بۇنىڭدىن ئۇ گۈزەل ...

خۇددى «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى ئۈستىدە نۇرغۇن ئەمگەك سىڭدۈرگەن تۈرك تەتقىقاتچى دىل ئاچارنىڭ «... قۇتادغۇبىلىك» پارىلداپ تۇرىدىغان كوچىلار بىلەن تولغان بىر شەھەردۇر. تېخىچە ھېچ قانداق كىشىگە بۇ كوچىلارنىڭ بارلىقىنى تاماشا قىلىپ چىقىش نەسىپ بولغىنى يوق، ھەر بىر كىشى ئۆزى كۆرگەن كوچىنىلا تەرىپلەۋاتىدۇ ...» دېگىنىگە ئوخشاش، داستاندا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قېدىمقى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئۆرپ - ئادەتلىرىدىن مېھماندارچىلىق ۋە زىياپەت توغرىسىدىكى قىممەتلىك بايانلار ۋە ئۇنىڭ قىممىتى مېنى ئۆز-

گە جەلپ قىلدى. مەن بۇ ئەرزىمەس ماقالەمدە شۇ ھەقتە قىسقىچە توختۇلۇپ ئۆتمەكچىمەن. بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ قىممەتلىك ئىنسانىي پەزىلەتلەرگە ئىگە پېكىرلەرنى بىزگە يادىكار قىلىپ قالدۇرغانلىقىنى ئۇنىڭ تۆۋەندىكى پىكىرلىرىدىن كۆرۈپ ئالالايمىز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ مېھماندارچىلىق مەدەنىيىتى ئۈستىدە ئالاھىدە توختۇلۇپ مېھماندارچىلىق ئادىتىنى، زىياپەتكە چاقىرىش ۋە زىياپەتكە بېرىش دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىپ، بۇنىڭ ھەر بىرىنى ئالتە تۈرگە بۆلگەن.

ئۇ ئالتە تۈرنى مۇنداق كۆرسىتىدۇ:

1. زىياپەتنىڭ تۈرلىرى.
2. قانداق زىياپەتلەرگە بېرىش، قانداق زىياپەتلەرگە بارماسلىق ھەققىدە.
3. قايسى خىلدىكى مېھماندارچىلىققا بېرىش ئادەمنى خور قىلىدىغانلىقى، قايسى خىلدىكىسى ئەزىز قىلىدىغانلىقى ھەققىدە.
4. مېھماندارچىلىققا بېرىپ تاماق يېيىشنىڭ تەرتىپلىرى ھەققىدە.
5. چاقىرىلغان مېھمانلارنى قانداق كۈتۈش قائىدىلىرى ھەققىدە.
6. ئىنساننىڭ ئۆز نەپسىنى باشقۇرۇش ھەققىدە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ خەلققە بېرىلىدىغان زىياپەتنى نىكا توي، سۈننەت توي، ئۆلۈم نەزىرسى، تەكتۈشلارغا بېرىلىدىغان چاي، مەرتىۋىسى ئۆسكەندە تەبرىكلەپ بېرىلىدىغان چاي، مەخسۇس مېھماندارچىلىق دەپ ئالتە تۈرگە ئايرىپ ھەر بىرى ئۈستىدە ئايرىم توختالغان. بۇ ھەقتە شۇنداق دەيدۇ:

4575 - ئەسلى: ئۆلاردا بىرسى كۈدەنكە ئاش ئول
يا سۈننەت ئاشى يا توغۇرسا ئوغۇل

يەشمىسى: ئۆلاردىن بىرىكىم، نىكا تويى ئول،
يا سۈننەت تويى يا تۇغۇلسا ئوغۇل؛

4577 - ئەسلى: يوغ ئاشى بۇلۇر يا ئۆلۈگ ئاتىڭا
يا ئول ئات بولۇپ ئاش بېرۇر ياتىڭا

يەشمىسى: يا ئۆلگەن كىشىگە نەزىر ئاتىماق،
يا ئۆسكەچ مەرتىۋە، ياتقا ئاش تارتماق.

4581 - ئەسلى: ياقىن قوشنى ئاشنى ئاش ئەتسە ساڭا
ئازۇ تەگرىمەك ئەش ئوقىسا توڭا

يەشمىسى :        يېقىندىن خوشنا ساڭا بەرسە زىياپەت،
ۋە يا تەگرىلىك دوست گەر قىلسا دەۋەت.

4582 - ئەسلى :        ئۈلار قا يەمە بار كۆدەز گىل كۆڭۈل
سەۋىندۇر ئۈلارنى سەۋىن ئاي ئوغۇل،

يەشمىسى:        ئۈلارغا بېرىپ سەن، سەن ئالغىن كۆڭۈل،
سۆيۈندۇر ئۈلارنى سۆيۈن، ئى ئوغۇل.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ زىياپەتلەرنىڭ تۈرىنى شۇنداق ئايرىپ كۆرسەتكەندىن كېيىن قانداق زىياپەتلەرگە بېرىش، قانداق زىياپەتلەرگە بارماسلىق ئۈستىدىمۇ توختىلىپ ئۇنى تۆۋەندىكى 3 خىلغا ئايرىيدۇ:

1. بارسىمۇ - بارمىسىمۇ بولىدىغان زىياپەت.
2. بارمىسا بولمايدىغان زىياپەت.
3. بېرىشقا بولمايدىغان زىياپەت.

بىرىنچى خىلدىكى زىياپەتلەرگە نىكا تويى، سۈننەت توي نەزىرلەرنى ئېلىپ، بۇ ھەقتە شۇنداق دەيدۇ:

4578 - ئەسلى:        بۇلاردا قا يۇ ئەرسە ئاش سۇ يەگۇ
ئانى تەگلە بارغۇ ئازۇ بارماغۇ

يەشمىسى:        بىلىش لازىم بۇلاردىن قايسىغا -
بېرىش ۋە ياكى بارماسلىقنى تەگلا.

ئىككىنچى خىلدىكى، دوست، ئۇرۇق - تۇققان، يارۇ - بۇرادەرلەرنىڭ مەخسۇس ساڭا ئاتاپ قىلغان زىياپەتلىرىنى كۆرگۈزۈپ مۇنداق يازىدۇ.

4579 - ئەسلى:        ئاداش قولداش ئەردەش قاداش ئاشلارى
بولۇر ئەرسە كۆرگۈ بارىپ ئىشلىرى

يەشمىسى:        ئاداش، قولداش، قاياش، دوسلار ئېشىنى -
يىمەك لازىم بېرىپ، كۆرگەچ ئەشىنى

4581 - ئەسلى :        ياقىن قوشنا ئاشنى ئاش ئەتسە ساڭا
ئازۇ تەگرىلىك ئەش ئوقسا توڭا

يەشمىسى:        يېقىن خوشنا ساڭا بەرسە زىياپەت.
ۋە يا تەگرىلىك دوست گەر قىلسا دەۋەت.

4582 - ئەسلىسى: ئۇلار قا يەمە بار كۈدەزگىلى كۆڭۈل
سەۋىندۇر ئۇلارنى سەۋىن ئاي ئوغۇل

يەشمىسى: ئۇلارغا بېرىپ سەن، سەن ئالغىن كۆڭۈل،
سۆيۈندۇر ئۇلارنى سۆيۈن، ئى ئوغۇل.

4583 - ئەسلى: قالى ئەتسەلەر ئاش ساڭا ئوغرا يۇ
ئول ئاشقا يەمە بار سەۋىندۇر يە يۇ

يەشمىسى: ئەگەر خاس زىياپەت ئاتاركەن ساڭا،
يەپ ئاشنى خوشال قىل، بېرىپ سەن ئاڭا.

4584 - ئەسلى : ئاپاك مۇندا تاشتىن بولۇر ئەرسە ئاش
ئاڭا بارماسا يەگ كۆڭۈل بولغا باش

يەشمىسى : بۇلاردىن تاشقىرى بولسا زىياپەت.
بارماسلىق تۈزۈگىرەك، دىل چەكمىگەي دەرت؛

4585 - ئەسلى : يارىم يا يىتىم بولغا ئولدۇرۇغ تۇرۇغ
ياۋۇز بولغا كۆڭلۈك ئاي ئەدگۈ ئۇرۇغ

يەشمىسى: گى ئۇندا يېرىم - ياتا بولۇپ ئولتۇرۇق.
دىلىڭ رەنجىپ قالۇر، ئەي ئىسىل ئۇرۇق.

شائىر، ئادەم يىمەك ئۈچۈن ئۆزىنى خورلىماسلىق كېرەك. چۈنكى ئادەم ئۆز - ئۆزىنى قەدىرلەشنى بىلىش لازىم، بىر يۇتۇم ئاشنى دەپ ئۆزىنى خارلىقتا قويۇش ياخشى ئەمەس، دەپ كېلىپ شۇنداق دەيدۇ.

4587 - ئەسلى: قاموغ بىر تۇدۇم يەم ئاش ئىچكۈ ئۈچۈن
ئۆزۈڭنى ئۈچۈز قىلما غىل سەن كۈچۈن

يەشمىسى: دىمەك بىر تويۇم ئاش ۋە ئىچكۈنى دەپ،
بېرىپ خار ئەيلىمە ئۆزۈڭنى كۈچەپ.

4589 - ئەسلى: بۇغۇزۇڭ كۈدەز بولما ئەرنىڭ ئەلى
بۇ بوغۇزۇڭ ئۈچۈن بولما يالڭۇق قولى

يەشمىسى: گېلىڭنى گۈزەتكىن، بولما پەسكەش ئەر،
دەپ گالنى كىشىگە قۇل بولما، يېتەر.

4590 - ئەسلى: تەلىم كۆردۇم ئەمدى ئاغىر بولمىش ئەر
تىدۇمادى بۇغزى ئۈچۈن بولدى يەر.

يەشمىسى: تولا كۆردۇم ئەمدى ئەزىز كىشىلەر،
گېلىنى يىغالماي بولۇپ كەتتى يەر.

يەشمىسى: گېلىڭغا ئەسىر بولما، ئى نەپسى چوڭ،
ئەسىر بولساڭ، تېپىلماس قۇتۇلۇش يولۇڭ.

ئۇلۇغ پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ بۇ كۆرسەتمىلىرى، ھەر بىر كىشى ئۈچۈن بەك قىممەتلىكتۇر. چۈنكى ئىنسان كۆپ ۋاقىتلاردا نەپسىنىڭ ئارقىسىغا كىرىپ خارلىنىدۇ. ئۆزىنى هالاكەتكە تاشلايدۇ. نەپسىنى يىغىش ئىنسان ئۈچۈن زور ئالىي خىسلەت ۋە سالامەتلىكنىڭ كاپالىتىدۇر. يۈسۈپ خاس هاجىپ يۇقۇردا ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئىسىل پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن زىياپەتتىكى ئەدەپ-قائىدىلەر ئۈستىدە توختىلىپ تۆۋەندىكىلەرنى ئېيتىدۇ:

4594 - ئەسلى: قايۇ تۇرلۇگ ئاشقا بارىر ئەرسە سەن
ئەدەپ بىرلە ئاش يە بىلىر ئەرسەسەن

يەشمىسى: قايۇ تۇرلۇك ئاشقا بارار ئىكەن سەن،
يىگىن ئاندا ئاشنى ئەدەپ بىلەن سەن.

4595 - ئەسلى: تۆرۈبىلمەز ئۆگسۈز قىلىقسىز كىشى
تۆرۈلۈگ كىشى كۆرسە تاڭلۇر باشى

يەشمىسى: يۇسۇنسىز، ئەقىلسىز، قىلىقسىز كىشى،
يۇسۇنلۇقنى كۆرسە، گاڭگىرار بېشى.

4596 - ئەسلى: سەنىڭدە ئۇلۇغ ئاشقا سۇنسا ئەلىگ
سەن ئۆترۈ ئەلىگ سۇن بۇ ئول كۆر بىلىك

يەشمىسى: سېنىڭدىن ئۇلۇغ ئاشقا سونسا قولىن،
يوسۇن شۇكى، قولۇڭنى ئۇزاتقىن كېيىن.

4598 - ئەسلى: كىشى ئۇترۇقى، تۇرمەك ئالما تەگۈ
ئۆز ئوترۇ نەگۈ ئەرسە ئالغۇ يەگۈ

يەشمىسى: كىشىنىڭ ئالدىدىن لوقما ئالمىغىن،
نىمە بولسا ئالدىڭدا شۇنى يىگىن.

4599 - ئەسلى: پىچاق تارتما ئاندا كۆتۈرمە سۆڭۈك
ئايى بولما قوۋداش نەسلىكىم سەپۈك

يەشمىسى: پىچاقنى چىقارما، غاجىما سۆڭەك،
بولۇپ كەتمە چاپقاق، تۈزۈت قىلما بەك

شائىر، ھەر قانداق ئىشنىڭ ئۆزىگە خاس ئەدەپ - قائىدىسى بولىدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ كېلىپ ئۇلارنى كۆرسەتكەن:

4605 - ئەسلى: قامۇغ نەڭكە ئۆندى تۆرۈبار سۆزى
تۆرۈتۈز يورۇتسا يارۇر ئەريۈزى

يەشمىسى: پۈتۈن نەرسىنىڭ تەرتىپ - يوسۇنى بار.
يوسۇنلۇق بولسا ئەر، يۈزى نۇرلىنار.

4606 - ئەسلى قىلىقسىز تۆرۈئۆگدى بىلمەز كىشى
كىشىگە قاتىلسا ئەتىلمەز ئىشى

يەشمىسى: يۇسۇن قائىدە ئۇقماس قىلىقسىز كىشى،
كىشىگە قوشۇلسا، تۈزەلمەس ئىشى

4608 - ئەسلى: كىشى ئەمگەك ئىدساساڭا ئەتسە ئاش
ياۋا قىلما ئەمگەك ئانى قىلما باش

يەشمىسى: كىشى قىلسا مېھمان سېنى ئەمگىنىپ،
زايە قىلما ئەمگىكى سەن رەنجىتىپ

بۇلاردىن باشقا يۈسۈپ خاس ھاجىپ مېھماندارچىلىق ئىشىدا كىشىلەرنى تۆت خىل تىپقا ئايرىغان.

1. ئۆزى مېھمانغا بېرىپ باشقىلارنى مېھمانغا چاقىرمايدىغانلار تىپى.
2. ئۆزىمۇ مېھماندارچىلىققا بارىدىغان، باشقىلارنىمۇ مېھمانغا چاقىرىدىغانلار تىپى.
3. ئۆزىمۇ مېھماندارچىلىققا بارمايدىغان، باشقىلارنىمۇ مېھمانغا چاقىرمايدىغانلار تىپى.

4. ئۆزى مەھماندارچىلىقتا بارمايدىغان، بىراق باشقىلارنى مەھمانغا چاقىرىپ تۇردىغانلار تىپى.

بىرىنچى خىلدىكى ئادەملەر ئۈچۈن يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق دەيدۇ:

4664 - ئەسلى: بىرەگۈبارىر ئاشقا ئۈندەسەلەر
ئاش ئىچكۈ ئىچەر يەر نەگۈبەرسەلەر

يەشمىسى: بىرى ئاشقا تەكلىپ قىلىنغان ھامان —
بارۇر نە بەرسە، ئىچەر، يەر ھەر ئان،

4665 - ئەسلى: يانا ئۆز ئەۋىگە ئو قىماز كىشى
باشى بۇرنۇ يەر ئەۋدە يالگۇز ئاشى

يەشمىسى: بىراق ئۆز ئۆيىگە قىچقارماس كىشى.
تاماقنى ئۆزىلا يېيىشتۇر ئىشى.

ئىككىنچى خىلدىكىلەر نىڭ تىپىنى يۈسۈپ خاس ھاجىپ شۇنداق كۆرسىتىدۇ:

4666 - ئەسلى: تاقى بىر كىشى كۆرسە ئاشقا بارىر
ئاشىن يەر ئانى ياندرۇ ئاشقا ئوقىر

يەشمىسى: يانا بىرسى، قىچىرسا ئاشقا بارۇر،
ئېشىن يەر، ئۆزىمۇ يەرگە قىچقىرۇر.

ئۈچىنچى خىلدىكى كىشىلەر ھەققىدە سۆزلەپ كېلىپ مۇنۇلارنى دەيدۇ:

4667 - ئەسلى: تاقى بىر كىشى ئاشقا بارماز بولۇپ
كىشىگ مە ئەۋىنە ئوقىماز كۆرۈپ

يەشمىسى: بىرىكىم، كىشىنىڭ بارماس چېيىغا،
ئۆزى ھەم كىشىنى ئېيتماس چېيىغا،

4668 - ئەسلى: ئۆلۈگ ئول مۇنى سەن تىرىككە ساما
قاتىلما مۇڭارسەن تىرىگلىك يەمە

يەشمىسى: ئۆلۈك ئۇ، ئۇنى سەن تىرىكتۇر دىمە،
تىرىكلىكتە ھەرگىز ئاڭا قېتىلما.

تۆتىنچى خىلدىكى ئادەملەر تىپى ھەققىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپ شۇلارنى كۆر-
سىتىپ ئۆتكەن:

4669 - ئەسلى: تاقى بىر قۇتۇ ئاشقا بارماز ئوقىپ
كىشىگ ئاشقا ئۇندەر توقۇملار توقىپ

يەشمىسى: يەنە بەزىلەر بار بارمايدۇ پەقەت
سۆيۈپ قانچە مالنى، بېرۇر زىياپەت.

4670 - ئەسلى: بۇلاردا ئەڭ ئەدگۈ يۇرىق بۇتۇرۇر،
بۆگۈبىلگە ئۆگمىش قىلىق بۇتۇرۇر

يەشمىسى: بۇلارنىڭ ئىچىندە ئەڭ ياخشىسى شۇ،
ھېكىم، ئالىم ماختىغان قىلىقمۇ شۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ مۇشۇنداق تۆت تىپنى كۆرسىتىپ كېلىپ ئەڭ ياخشىسى ئۆزى مېھمانغا بارمايدىغان، ئەمما كىشىلەرگە زىياپەت بېرىدىغىنى، ئەڭ يامىنى مېھمانغا بارىدىغان ئۆزى زىياپەت قىلمايدىغىنى، دەيدۇ ۋە ئۆزىمۇ بارمايدىغان، باشقىنى قىچقىرمايدىغانلىرى بولسا ئۆلۈكلەردۇر دىگەندىن كېيىن مېھماندارچىلىقنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دەيدۇ.

4678 - ئەسلىسى: بۇ ئول دۇنيا ھالى يۇرىقى يولى
كىشىگە قاتىلماق تىلەسە قالى

يەشمىسى: جاھان ھالى، مىجەزى يولىدۇر شۇلار،
كىشىگە قوشۇلماق تىلەسەڭ ئەگەر.

شائىر ۋە پەيلاسوپ يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ئورتا ئەسىر شارائىتىدا ئىجتىمائىي ئەدەپ - ئەخلاق ۋە مىللىي ئورپ - ئادەت توغرىسىدا يۇقۇرقىدەك بايانلىنى ئورتىغا قويۇشى، ئۇنىڭ ئەينى زاماندا جەمئىيەتنى ۋە تۇرمۇشنى چوڭقۇر تەتقىق قىلغان جامائەت ئەربابى ئىكەنلىكىنىڭ كۈچلۈك دەلىلى.

«قۇتادغۇ بىلىك» تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ تۇرمۇش يوسۇنلىرى مىڭ يىللار داۋامىدا ئۇيغۇر ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھايات قائىدىسى سۈپىتىدە ياشاپ كەلمەكتە .

ئۇيغۇرلاردا ھازىرغا قەدەر داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى تۇرمۇش مەدەنىيىتىنىڭ، جۈملىدىن مېھماندارچىلىق يوسۇنىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىجتىمائىي ئەخلاق تەسىرىدىن مۇستەسنا ئەمەسلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتۈش تامامەن مۇمكىن، يەنە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، مۇئەللىپ ئوز ئەسىرىدە ئاددى - ساددى ياشاش، ئىسراپچى-

لىققا قارشى تۇرۇش، ئورۇنسىز ھەشەمەتچىلىككە ۋە قۇرۇق شوھرەتپەرەسلىككە ئوخشاش ناچار ئىللەتلەردىن نەپرەتلىنىش قاتارلىق ئىجتىمائى مەسىلىلەرنىمۇ تەرغىب قىلغان. بۇ نۇقتىلارئورتا ئەسىر شارائىتىدا يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ كىشىلەردە بولۇشقا تېگىشلىك مەنىۋى گۈزەللىكنى تەرغىب قىلىشتەك ئىلغار ئىستىتىك غايىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا مۇئەللىپنى ئۆز زامانىنىڭ پەيلاسوپ ۋە ئەڭ مەدەنىيەتلىك ئەربابى دەپ ئاتاشقا تامامەن ھەققىمىز بار. بۇنىڭدىن باشقا مۇئەللىپ ئۆزى ياشاپ تۇرغان جەمئىيەتنىڭ يەنى قاراخانىلار جەمئىيىتىنىڭ دۆلەت تۈزۈلۈشىدىن تارتىپ ئاددەتتىكى خەلق تۇرمۇشىغىچە بولغان ئومۇمى قىياپىتىنى چوڭقۇر ئۆگەنگەن ۋە ئۆز ئەسىرىدە ئوبرازلىق بۇ ۋاستە ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ كارتىنىسىنى سىزىپ كۆرسەتكەن.

«قۇتادغۇبىلىك» كە ۋارىسلىق قىلىشتا ئۇنىڭ ئەنە شۇنداق ئىلغار تەرەپلىرىنى ئۆگىنىش، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تا ئەزەلدىن تارتىپ مەنىۋى گۈزەللىككە ئىنتىۋار بېرىشتەك تارىخىي ئەنئەنىسىنىڭ بارلىقىنى، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ يۇقۇرىدىكى مىسرالىرى ئارقىلىق نامايەن قىلىپ ئەۋلاتلارنى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بىلەن تەربىيەلەشتە قۇتادغۇبىلىكنى ۋاستە قىلىش نۆۋەتتىكى قۇتادغۇبىلىك تەتقىقاتىنىڭ مەقسەتلىرىدىن بىرىدۇر.

سودا ساھەسىدە، سودىگەر بىرەر نەرسىنى ئوخشاشلا بىر ۋاقىتتا بىر نەچچە كىشىگە ساتسا، قانۇنسىز ھەركەت دەپ قارىلىپ، سوتنىڭ جازاسىغا ئۇچرايدۇ. يېزىقچىلىقتا ئالدى بىلەن كىشىلەرگە سەممى پوزىتىسىيە قوللىنىش كېرەك. بىر ئەسەرنى بىرلا ۋاقىتتا ئىككى نەشرىياتقا سېتىش ھەركىتىمۇ يەنىلا پۇتۇنلەي سەمىمىيەتسىزلىك دەپ ھىساپلىنىدۇ.

— م. گوركي

# «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى باش قاپىيەلىك كۇبلىتلار توغرىسىدا

ئىسمايىل تۆمۈرى

هەر قايسى مىللەت ئەدەبىيات — سەنئىتىنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغانلىقىدىكى تۈپ سەۋەبلەرنىڭ بىرى - شۇ مىللەت ئەدەبىيات - سەنئىتىدە مىللىي پۇراق (مىللىي ئالاھىدىلىك )نىڭ قويۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكىدۇر.

شېرىيەت - هەر قايسى مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىدا خېلى زور سالماقنى ئىگەللەيدىغان بىر خىل ئەدەبىي ژانىر بولۇپ، بۇ ژانىر خەلق ئىچىدە ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقان، مىللىي ئالاھىدىلىك كۆپرەك گەۋدىلىنىدىغان بىر ئەدەبىي تۈر سۈپىتىدە تاكى ئەمگەك قوشاقلىرى پەيدا بولغاندىن تارتىپ هازىرغىچە ئىجتىمائىي ئاڭ ساھەسىدە مۇئەييەن ئورۇنغا ئىگە بولۇپ كەلمەكتە،

يۇقۇرقى نۇقتىدىن ئېيتقاندا، قەشقەردە قاراخانىلار ئىجتىمائىيىتىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزىدە ياشاپ ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر يۈسۈپ خاس هاجىپنىڭ مىلادى 1070 - يىلى يېزىپ پۈتتۈرگەن نادىر ئەسىرى - «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ئۆزىدە ئەينى دەۋر ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيەسىنى، تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرىنى؛ دەۋر قىياپىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى: جۈملىدىن مۇئەللىپ - يۈسۈپ خاس هاجىپ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى بىر مۇنچە ئالاھىدىلىكلەرنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىدا ئۆز ئەسىرىگە قويۇق مىللىي تۈس بەرگەنلىكى ئاپتورنىڭ بۇ 13.290 مىسرالىق چوڭ هەجىملىك داستانىنىڭ 11،- ئەسىر ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىدىكى «مۇنەۋۋەر ئۈرنەك» بولۇش سۈپىتىدە يەتكۈزگەن ئىدى.

«قۇتادغۇبىلىك» داستانىدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مىللىي ئالاھىدىلىكنىڭ كىچىك بىر تەرىپى - داستاندا مەلۇم سالماقنى ئىگەللەيدىغان باش قاپىيەلىك كۇبلىتلارنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدا تۈزۈلگەنلىكىدۇر.

مەلۇمكى، ھەر قايسى مىللەت خەلقلەرنىڭ مىللى ئەدەبىيات شەكىللىرى ئاساسەن شۇ خەلقلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى شەكىللىرىدىن پەيدا بولغان. ئومۇمەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى بايلىقلاردىن مەشھۇر كىلاسسىك يازغۇچى، شائىرلار-دىن تارىختىن ھازىرقى زامان يازغۇچى، شائىرلارغىچە ئۆز ئىجادىيەتلىرىدە خام ئەشيا سۈپىتىدە پايدىلىنىپ كەلدى. ئەدەبىيات تارىخىمىزغا نەزەر سالساق، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ مەھسۇلاتلىرىدىن پايدىلىنىپ يېزىلغان كىلاسسىك ئەسەرلەرنى ئۇچرىتىمىز.

«خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى يازما ئەدەبىياتنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە ئۆستۈ-رۈشتە تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ. ھەر قايسى مىللەتلەر يازما ئەدەبىياتىنىڭ پەيدا بولۇش، ئۆسۈش ۋە تەرەققى قىلىش تارىخى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ھامان «يازما ئەدەبىياتنىڭ سۈت ئانىسى» بولۇپ، ئۇ ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئوزۇق-لىنىش، ئىلھاملىنىش ۋە ئۆگىنىش ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان» ① «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مەيدانغا كېلىش ئاساسلىرىدىن بىرى بۇ تەبىردىن مۇستەسنا ئەمەس.

ئەندى «قۇتادغۇبىلىك» داستانىدىكى باش قاپىيەلىك مىسرالارنى سېلىشتۇرۇ-ما قىلىش ئاساسىدا مۇلاھىزە قىلىپ كۆرەيلى:

1690 ئەسلىسى:
كىشىلىك قىلۇرقا كىشىلىك ئانۇت،
كىشىلىك تەگىنچە تۆرۈ قىل يانۇت.

يەشمىسى:
(كىشىلىكنى قىلسا كىشىلىكنى قىل،
كىشىلىك تېگىنچە جاۋاپ ئەيلەگىل.)

1709 ئەسلىسى:
بىلىكسىزكە دۆلەت ياراشسا كەلىپ،
بىلىگلىگكە ئارتۇق ياراشۇر بىلىپ.

بىلىكسىز بىلە تۇرسا دۆلەت قالى،
بىلىكلىگ بىلە تۇرغا تۈپلۈگ ئەرىپ.

1711
بىلىكسىز بەدۈك بولسا دۆلەت بىلە،
بىلىكلىگ بەدۈكرەك كۆ چاۋ ئات بىلە.

---

① م. زۇنۇن. ئا. راخمان: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 - يىل نەشرى 24 - بەت.

1712 بىلىكسىزكە دۆلەت كەلىر ئەرسە قۇت،
تۇزۇماز بۇ دۆلەت ئانىڭ بىرلە پۇت.

يەشمىسى: (بىلىمسىزگە دۆلەت ياراشسا كېلىپ،
بىلىملىككە ئارتۇق ياراشۇر بېرىپ.

بىلىمسىز بىلەن تۇرسا دۆلەت ئەگەر،
بىلىملىككە تۇرغاي ئاساسىنى سېلىپ.

بىلىمسىز بۈيۈك بولسا دۆلەت بىلە،
بىلىملىك زورىيار نام - شۆھرەت بىلە.

بىلىمسىزگە كەلسە گەر دۆلەت ۋە قۇت،
بۇ دەۋلەت تۇرماس ھىچ ئۇنىڭ بىرلە، پۇت.)

بۇ كۇپلىتلارنىڭ مىسرالىرى «ب» بىلەن باشلانغان. يەنە بىر مىسال ئالايلى:

2101 ئەسلىسى: نەچە قىلغۇ ئىشلەر بور ئىچسە قالۇر،
نەچە قىلماغۇ ئىش ئەسۇرسە كەلۇر.

2102 نەچە تەگسىز ئىشلەر بور ئىچسە بولۇر،
نەچە ئەزگۈ ئىشلەر ئەسۇرسە قالۇر.

يەشمىسى: (نىچە قىلغۇلۇق ئىش مەي ئىچسە قالۇر،
نىچە قىلمۇغۇ ئىشنى مەسلەر قىلۇر.

مەي ئىچسە بولمىغۇر نە ئىشلار بولۇر،
مەس ئۇلسا نەچچە ياخشى ئىشلار قالۇر.)

بۇ كۇبلىتلارنىڭ مىسرالىرى «نە» بىلەن باشلانغان.

2008 ئەسلىسى : قامۇغ تەگسىز ئىشقىن يىغىغلى ئۇۋۇت،
قامۇغ ئەزگۇ ئىشكە ئۇلاغلى ئۇۋۇت،

يەشمىسى: (ئۇيات — بارچە يامان ئىشتىن توسقۇچى،
پۈتۈن ياخشى ئىشقا ئۇلاشتۇرغۇچى،

بۇ مىسرالار «قا» بىلەن باشلانغان. ئەمدى «تۈركى تىللار دىۋانى» دىكى شېئر - قوشاقلاردىن بىر مىسال ئالايلى:

ئەسلىسى : قېقىر ئاتىغ كەمشەلىم،
قالقان سۈنگۈن جۇمشالىم،
قايناپ يانا يۇمشالىم،
قاتىغ ياغى يوۋىلسۇن .

يەشمىسى: قېقىراپ ئاتنى سالايلى،
قالقان، نەيزە ئۇرايلى،
قايناپ يەنە يۇمشايلى،
قاتتىق يېغا بوشىسۇن.①

باش قاپىيەلىككۇبلىتلار «قۇتادغۇبىلىك» داستانى ۋە تۈركى تىللار دىۋانى » دىلا ئۇچراپ قالماستىن ، بەلكى 13 - ئەسىر نىڭ باشلىرىدا يېزىلغان دىداكتىك ئەسەر « ئەتەبە تولھە قايىق » ( ھەقىقەت بوسۇغىسى ) دىمۇ ئۇچرايدۇ:

(47 - بېيت) ئەسلىسى: بىلىگلىگ بىلىگنى ئەدەرگەن بولۇر،
بىلىگ تاتغىن ئاي دوست بىلىگلىگ بىلۇر.
بىلىگ بىلدۇرۇر بىل بىلىگ قەدرىنى،
بىلىگنى بىلىگسىز ئۇتۇن نە قىلۇر.

يەشمىسى : (بىلىمنى بىلىملىك ئىزدىگەن بولۇر،
بىلىمنىڭ تەمىنى بىلىملىك بىلۇر.
بىل، بىلىم قەدرىنى بىلدۇرەر بىلىم،
بىلىمسىز ئەخمەقلەر ئۇنى نە قىلۇر؟)②

باش قاپىيەلىك شېرلار پەقەت قارا خانىلار دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن نادىر ئەسەرلەردىلا ئۇچراپ قالماي، بەلكى قاراغو جا ئۇيغۇر خانلىغى دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئۇيغۇر بۇددا مەدىنىيىتى دەۋرىگە ئائىت شېرلاردىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىن بىر - ئىككى مىسال كەلتۈرىمىز:

( 60 ) ئەسلىسى : ئەشىز ئىدۇق تىلىگىز ئۇزە،
ئەزگۇ تىتيۇك نوملۇغ رەتىنگ

---

① « تۈركى تىللار دىۋانى » 1 - توم 574 - بەت شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1981 - يىل.

② خەمىت تۆمۈر، تۇرسۇن ئايۇپ « ئەتەبەتۇلھە قايىق » 20 - بەت. مىللەتلەر نەشرىياتى 1980 - يىل نەشرى.

ئەسىركەنچىسىزنى ئۇلەيۇ يارلىقاتىڭىز،
ئەمگەكلىگ تولغاقلىغ تىنلىغلارقا.

يەشمىسى: (تەگداشسىز، مۇبارەك تىلىڭىز بىلەن،
ياخشىلىق پۇتۇلگەن گۆھەر نومىنى.
ئايىماي ئۇلەشتۇرۇپ بەردىڭىز،
ئازاپ ۋە زۇلۇم چېكىۋاتقان جانلىقلارغا.)

(75) ئەسلىسى: يارۇق بىلىگلەرى يالترىيۇ
يارلىقانچۇچى كۆڭۈللەرى ئوكلىيۇ
يازىنچىسىزنى ئەرمەك چاقشاپتىغ كۇزەتۇ
يالىنايۇ تورۇر تامۇتىن ئۆزتىلار

يەشمىسى: (نۇرلۇق بىلىملىرى يالتىراپ،
مېھرىۋان كۆڭۈللىرى يۇكسىلىپ.
گۇناسىز بولۇشنىڭ توغرا يولىنى چۈشىنىپ،
يېلىنجاق تۇرغان دوزاقتىن قۇتۇلدى.)①
(ئاپرىنچۇر تېكىن)

يۇقۇرقى سېلىشتۇرما ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئۈچ ئۇلۇغ ئەسەر — «قۇتادغۇبىلىك» «تۈركى تىللار دىۋانى» ۋە «ئەتەبەتۇلھەقايىق» لاردىكى شېئىر - قوشاقلار بىلەن ئىدىقۇت بۇددا دىنى موھىتىدا مەيدانغا كەلگەن شېئىرقەسىدىلەرنىڭ شەكىل جەھەتتە مۇئەييەن ئورتاقلىقتا ئىكەنلىكىنى كۆردۇق.
تارىختا، ۋە تىنىمىزنىڭ « غەربى دىيار » ى دەپ ئاتالغان بۇ كەڭ زېمىندە، ئولتۇراقلاشقان ئورۇن ئارىلىغىنىڭ يىراق بولۇش چەكلىمىسى، شۇنىڭدەك ئوخشاش بولمىغان دىنىي ئېتىقات ئىختىلاپلىرىدىن ھالقىپ ئۆتكەن بۇنداق ئورتاقلىقنىڭ مەنبىي نېمە؟ بۇنىڭ مەنبەئى - «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمى گەۋدىسى ئىككى ئاساسى قىسمىدىن تەشكىل تاپىدۇ: ئۇنىڭ بىرسى، ئەسىرلەر داۋامىدا جۇغلىنىپ ناھايىتى مول بايلىققا ۋە قويۇق مىللى تۈسكە ئىگە بولغان ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى بولسا، يەنە بىر قىسمى ئۇيغۇر كلاسسىك يازما ئەدەبىياتىدۇر. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۇ ئىككى قىسمى بىر - بىرسى بىلەن ناھايىتى زىچ مۇناسىۋەتتە بولۇپ

① قاھار بارات: « ئۇيغۇر مانى شېئىرلىرى » -« بۇلاق » ئومۇمى 10 - سان. 25 - ، 29 - بەتلەر.

كەلگەن. بۇنداق مۇناسىۋەت — يازما ئەدەبىياتنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتى زېمىنىدە تۇغۇلغانلىقىدا ۋە ھەر دائىم ئېغىز ئەدەبىياتىدىن ئوزۇق ئېلىپ، ئېغىز ئەدەبىيات بايلىقلىرى ھېساۋىغا يېڭى - يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشىشىدە، شۇنداقلا كىلاسسىك ئەدەبىياتنىڭ ئۆز نۆۋىتىدە ئېغىز ئەدەبىيات تەرەققىياتىغىمۇ تەسىر كۆرسىتىشىدە مەركەزلىك ھالدا ئىپادىلىنىدۇ ... ①

يۇقۇرقى نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئېتىنىك تەركىۋى (كېلىپ چىقىشى) بىر مەنبەدىن بولغان بىر مىللەت خەلقىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتى تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي ئايرىملىق ۋەچەكلىمىلىكلەردىن ھالقىغان ھالدا مۇئەييەن ئورتاقلىقنى گەۋدىلەندۇرگەن ئاساستىلا تەرەققىي قىلغاندۇر. بۇنداق ئورتاقلىقنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ بىردىن بىر مەنبەي - فولكوردىن ئىبارەتتۇر.

يۇقۇرقى سېلىشتۇرما، مۇلاھىزە ۋە ئاددى يەكۇنىمىزنىڭ دەلىلى ئۈچۈن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى باش قاپىيەدە كەلگەن شېئىر - قوشاقلار، ماقال تەمسىللەردىن بىرقانچىنى مىسال كەلتۈرىمىز:

..............................

پۇلى دىگەن ساندۇقتا،
ئاچاي دىسە ئاچقۇچ يوق،
ئاچقۇچكا مىلار بۆلۈپتۇ.
ئاق مازاغا كۆمۈپتۇ.
ئاق مازادا بىردەمدە،
ئاق تىكەنلەر ئۈنۈپتۇ.②
قارا - قارا قاشلارىڭغا
قاتساكچۇ مېنى،
قارا قاشىنىڭ بازارىدا
ساتساكچۇ مېنى.

......................

① ئابدۇشۇكۇر تۇردى: «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى توغرىسىدا» - «شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر تەتقىقاتى» 1983 - يىل 3 - سان 89 - بەت

② م. زۇنۇن، ئا. راخمان: «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسلىرى» 162 - بەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1982 - يىل.

قارا دەيدۇ قارا دەيدۇ،
قارا مەندە يوق.
ئارامۇقنىڭ قاسرىغىدەك
گۈنا مەندە يوق.
(ئۇيغۇر خەلق بېيىتلىرى)

دۈشمىنىڭگە هال ئېيتما, كۈلگىسى كېلىدۇ.
دوستۇڭدىن سىر ئايىما، بىلگۈسى كېلىدۇ.

ئارقاڭدىكى دۈشمەن،
ئالدىڭدىكى دوست.

يالغۇز ياغاچ ئۆي بولماس،
يالغۇز يىگىت بەگ بولماس.

ئەلگە قوشۇلساڭ ئەر بولىسەن،
ئەلدىن ئايرىلساڭ يەر بولىسەن.

پۇل بار چاغدا مىڭى دوست،
پۇل تۈگىگەندە قېنى دوست.

كۆپ ئاتقان بىلەن مەرگەن بولماس.
كۆپ سۆزلىگەن بىلەن چېچەن (بولماس.)

باش قاپىيە يەنە ئۇيغۇر خەلق تېپىشماقلىرىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.
مەسىلەن:

تەپسەم،
تەۋرىمەس.
...............
كۆمسەم،
كۆمۈلمەس.
(سايە)

كەل - كەل دىسە كەلمەيدۇ،
كەلمە دىسە كېلىدۇ.
(كالپۇك)

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى شېئىر - قوشاق، ماقال تەمسىللەر، قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرى ۋە كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ مۇنەۋۋەر ئۆرنەكلىرىدىكى شېئىرلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى ۋە بۇ ئەنئەنىۋى مىللى شەكىلنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە راۋاجلىنىشى ھەرگىز تەسادىپى نەرسە ئەمەس، بەلكى ئۇ، بىر تەرەپتىن ئاپتورلاردىن يۈكسەك دەرىجىدىكى بەدىئى ماھارەتنى تەلەپ قىلسا، ئۇلارنىڭ قابىلىيىتىنى، ماھارىتىنى سىناشنىڭ بىر ئۆلچىمى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ ئەستە قالدۇرۇش ئۈچۈن ئىجات ئېتىلگەندۇر، بىز خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى بۇنداق ئورتاق ئەنئەنىگە — ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ باشقا مىللەت شېئىرىيىتىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان مىللى شېئىرى شەكىل ئالاھىدىلىكىگە ۋارىسلىق قىلىپ ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

يىگىتلىك ئۆمۈر گۈلشەنىنىڭ. باھارىدۇر،
ھايات شەبىستانىنىڭ ① ناھارىدۇر ②.
.............................................
ئەھباب ③ يىگىتلىكنى غەنىمەت تۇتىڭىز،
ئۆزىنى قېرىلىق مېھنىتىدىن قورقىتىڭىز.
ئايىن ئاداۋەت ۋە ھەسەتتىن ئۆتىڭىز،
ھەر نەۋئى ئىلە ئۆزىنى نىچە كۈن ئاۋۇتىڭىز.
ئەلىشىر ناۋايى «مەھبۇلولقۇلوپ» دىن

① شەبىستان - كېچە
② ناھار - تاڭ، كۈندۈز.
③ ئەھباب - دوسلار

# 30 - يىللاردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىگە بىر نەزەر①

## قادىر ئەكبەر

هازىرقى زامان ئۇيغۇر پوئېزىيىسىنى تەتقىق قىلىدىكەنمىز ئۇنىڭ شەكىللىنىش ۋە باشلىنىش تارىخىنى مۇقەررەر ھالدا 30 - يىللاردىكى ئەدەبىيات ۋە ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيە تارىخىغا باغلاشقا توغرا كېلىدۇ. ھەر بىر دەۋر ئەدەبىياتى ئۆزىگە خاس ئىجتىمائىي مەنبەدىن ئەكس ئەتكەن بەدىئىي تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلىدۇركى، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە كېيىنكى دەۋر بەدىئىي پىكىرلىرى ئۈچۈن ئاساس يارىتىپ بېرىدۇ. ئەينى بىر دەۋر ئەدەبىياتى ئۆتمۈشنىڭ ئىلغار ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىللە، ئۇنى يېڭىلاپ كېلىچەك غايىلىرى ئۈچۈن زېمىن ھازىرلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئەدەبىيات تارىخىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتى بارلىققا كېلىدۇ. مانا بۇ ھەر بىر خەلق ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ مۇقەررەر جەريانىدۇ.

هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخى ئۈستىدە سۆز ئاچقاندا ئۇنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنى خاراكتېرى جەھەتتىن بىر - بىرىگە ئوخشىمايدىغان 3 چوڭ دەۋرگە ئاجرىتىش مۇمكىن، چۈنكى ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، ھەر قايسى تارىخىي دەۋردە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبى بولغان ئەدەبىيات ئۆز دەۋرىنىڭ ئورگىنال خۇسۇسىيەتلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، دەۋر روھىنى ئېچىپ بېرىدۇ.

30 - يىللاردىكى ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيە دەۋرى دىگەندە ئاساسەن، 1911 - يىلدىكى شىڭخەي ئىنقىلاۋىدىن باشلىنىپ تاكى 33 - 37 - يىللاردىكى ئويغۇنۇش دەۋرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چارەك ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ دەۋرنى ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلغاندا، شىنجاڭدا فېئودالىزم دەۋرىنىڭ زاۋاللىققا يۈز تۇتقان، بورژۇئا دېموكراتىك ئېقىمىنىڭ شەكىللىنىشكە باشلىغان دەۋرى دەپ قاراشقا، ئىدىئولوگىيە تارىخى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، فېئودالىزم بىستىتەتچىلىكىدىن، مەنىۋى ئاسارەتتىن قۇتۇلۇپ، بورژۇئا ئىنسانپەرۋەرلىك غايىسىگە ئىنتىلگەن، ئىنسانىنىڭ مەنىۋى ئەركىن-

لىگىنى. يېڭىلىقنى، دېموكراتىيىنى، ئەكس ئەتتۈرگەن دەۋىر دەپ قاراشقىمۇ بولىدۇ. دېمەك، 30 - يىللاردىكى ئەدەبىيات كونا دېموكراتىك ئەدەبىيات كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ.

30 - يىللاردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ شېئىرىيەت ئەدەبىياتىمىز تارىخىدا ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئىنقىلاۋى رېئالىزىم ئىستىلىنى يارىتىپ بەردى. بولۇپمۇ ھازىرقى زامان شېئىرىيەت تىلىنىڭ شەكىللىنىشىدە چوڭ رول ئوينىدى.

بىز، 30 - يىللاردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە ئەدەبىيات نامايەندىلىرى ئۈستىدە توختىلىشتىن ئاۋال، شۇ دەۋىرنىڭ سىياسى - ئىجتىمائى ھادىسىلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتەيلى:

1911 - يىلدىكى شىڭخەي ئىنقىلاۋىدىن كېيىن، مەملىكىتىمىزدە بورژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاپ دەۋرى باشلاندى، مەملىكەت مىقياسىدا خانلىق تۈزۈمگە خاتىمە بېرىلىپ، ئاساسى قانۇنلۇق بورژۇئا جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. بۇ بىر چوڭ تارىخىي بۇرۇلۇش ئىدى.

شىڭخەي ئىنقىلاۋىنىڭ بورژۇئا ئىسلاھاتچىلىق بوران - چاپقۇنى شىنجاڭغىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتتى. 1912 - يىلى ئىلىدا تۇرۇشلۇق خەنزۇ زىيالىيلىرى ۋە ئۈرۈمچىدىكى تەرەققىپەرۋەر زىيالىيلار ئىلىدا «ئىلى شىڭخەي ئىنقىلاۋى» نى قوزغاپ شىنجاڭدىكى فېئوداللىق ئىستىبداتنىڭ ھۇلىنى تەۋرەتتى، 1913 - يىلى قۇمۇلدا تۆمۈر خەلپە باشچىلىغىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭى پارتلىدى. بۇ ھەركەتلەر شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئازاتلىق ۋە دېموكراتىيىگە بولغان چەكسىز تەشنالىغىنى نامايىش قىلدى.

ياڭ زىڭشىن تەختكە چىققاندىن كېيىن، شىنجاڭدا نادانلاشتۇرۇش، جاھالەتتە قالدۇرۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزگەن ئىدى. بۇ دەۋىردە شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى 3 تەرەپلىمە ئېغىر زۇلۇمنى باشتىن كەچۈرمەكتە ئىدى: بىر تەرەپدىن، جاھالەتپەرەس ياڭ - جىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئېغىر زۇلمى، بىر تەرەپتىن ئەكسىيەتچى فېئودال كۈچلەرنىڭ شەپقەتسىز ئېكسپىلاتاتسىيەسى، يەنە بىر تەرەپتىن بولسا نادانلىق، قالاقلىقنىڭ ئېغىر يۈكى خەلقىمىزنىڭ قەددىنى پۈكمەكتە ئىدى. خەلق ئاممىسى يېڭى، زامانىۋى پەن - مائارىپقا تەشنا ئىدى.

1919 - يىلدىكى «4 - ماي» ھەركىتىدىن كېيىن مەملىكىتىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا، جۈملىدىن شىنجاڭدىمۇ كەڭ دېموكراتىك ھەركەتلەر ۋە مەدەنىي ئويغىنىش دەۋرى باشلاندى.

ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن كېيىنكى روسىيەدە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش خەلقلەر هاياتىدا يۈز بەرگەن دەۋىر بۆلگۈچ هادىسىلەر شىنجاڭغىمۇ ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەي قالمىدى. ئەينى زاماندىكى ئوقۇمۇشلۇق زىيالىلار ئىچىدە خەلقنى مەرىپەتكە دەۋەت قىلىدىغان دىموكراتىك ئىلغار پىكىر ئېقىمى شەكىللەندى.

ھەممىگە ئايانكى، زۇلۇم قانچە ئېغىر بولسا، ئەركىنلىك شۇنچە قەدىرلىك بولىدۇ، خەلقىمىز ئېغىر كۈلپەتلەرنى باشتىن كۆچۈرگەن، نادانلىق ۋە كونىلىقنىڭ دەرت-ئازاۋىنى يەتكىدەك تارتقان ئەشۇ ئېغىر يىللاردا خەلقىمىزنىڭ ئىجادىيەت بۇلىغى قۇرۇپ قالغىنى يوق.

شىنجاڭنىڭ 30 - 20 - يىللاردىكى زۆر كۆتىرىلىش — ئويغىنىش دولقۇنى بىلەن تولغان هايات هادىسىلىرى شۇ دەۋىردە ياشاپ ئىجات قىلغان مەشھۇر شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىدە تولۇق ئەكس ئەتتۇرۇلگەن ئىدى.

1929 - 1932 - يىللاردا تۇرپاندا ۋە قۇمۇلدا 2 - قېتىملىق دىخانلار قوزغىلىڭى كۆتىرىلدى. قوزغىلاڭ ئەرپىسىدە تالانتلىق شائىر، شۆ دەۋىرنىڭ ئوقۇمۇشلۇق زىيالىسى ۋە مەرىپەتپەرۋەر ئابدىخالىق ئۇيغۇر ئۆزىنىڭ ئىسيانكار شېئىرلىرى بىلەن خەلق ئىچىدە چوڭ نوپۇزغا ئىگە بولغان ئىدى. ئابدىخالىق ئۇيغۇر تۇرپان، قۇمۇل، توقسۇن، قاراشەھەر قاتارلىق جايلاردا پائالىيەت ئېلىپ بېرىپ، خەلقنى جاھالەتكە قارشى كۈرەشكە ئۈندەيدىغان كۆپلىگەن تەسىرلىك سىياسى لىرىكىلارنى يېزىپ، خەلققە مەنىۋى كۈچ بېغىشلىدى. ئۇنىڭ «ئاچىل» دىگەن شېئىرى شەرقىي شىنجاڭدا، كېيىنچە شىنجاڭنىڭ باشقا ۋىلايەتلىرىدىمۇ خەلق ناخشىسىغا ئايلىنىپ، 30 - يىللار ئىنقىلاۋىنىڭ «بورانقۇش قوشىقى» سۈپىتىدە جاراڭلىدى: ئۇ بۇ شېئىرىدە:

ئاچىلمىدۇق قۇل بولدۇق، ئاچىل،
تۈگمەنلەردە ئۇن بولدۇق، ئاچىل.
ئاچىل - ئاچىل، گۈل ئاچىل
ئاچىلمىساڭ گۈل قايدا، ئاچىل.

دەپ خىتاپ قىلىپ، خەلقنى ئېچىلىشقا - ئازاتلىق، دىموكراتىيە ۋە مەرىپەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئۈندىدى. 1930 - يىلىدىكى تۇرپان ئىنقىلاۋىدا ئۆزىنىڭ جاراڭلىق شېئىرلىرى بىلەن خەلققە مەنىۋى مەدەت بېرىپ، ئۆزىمۇ ئىنقىلاپقا قاتناشتى ۋە 33 - يىلى قۇربان بولدى.

30 - يىللار ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا كۆزگە كۆرۈنگەن نامايەندىنىڭ بىرى، يېڭى مەدەنىيەت، مائارىپ مەتبۇئات پائالىيەتلىرىنىڭ باشلامچىسى قۇتلۇق شەۋقىنىڭ نامىمۇ 30 - يىللاردىكى ئەدەبىيات ۋە ئىدىئولوگىيە سەھنىسىدە شانلىق ئورۇن تۇتىدۇ.

قۇتلۇق شەۋقى/ قۇتلۇق ھاجى/ 1876 - يىلى قەشقەر شەھرىدە تۇغۇلغان، كېيىن قاھىرە، ئىستامبول، بۇخارا قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە ئوقۇغان. چەتئەللەردە كۆرگەن سەرگۈزەشتىلىرى، بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاپ ھادىسىلىرى ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە تەرەققىپەرۋەر تۇيغۇسىنى شەكىللەندۈردى. غەپلەت ئاستىدا قالغان خەلقنى ئويغىتىش ۋە مەرىپەتكە دەۋەت قىلىش غايىسى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى بەنت قىلىۋالدى. ئۇ چەتئەلدىن شىنجاڭغا/ قەشقەرگە/ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن «شەۋقى» تەخەللۇسى بىلەن شېئىر ۋە سىياسى ماقالىلارنى يېزىپ، خەلق ئاممىسىنى زۇلۇم - جاھالەتكە قارشى تۇرۇشقا دەۋەت قىلىپ فېئودال - مۇستەبىتلىككە قارشى كۆرەش قىلىشقا چاقىردى. ئۇ بىر شېئىردا مۇنداق دەپ يازغان ئىدى:

قېرىنداشلار تۇر ئەمدى پۈتۈن ئىنسان ئويغاندى،
جەمىيەتتە ياشىغان ئەھلى ئىمان ئويغاندى،
بىزلەر ئۇتتۇق خارلىقتا، ھەسرەت بىلەن زارلىقتا
قۇتۇلۇش ئۈچۈن قۇللۇقتىن مەردۇ — مەيدان ئويغاندى.
..............................................
ئويغانغانلار ياشىدى، ئۇخلىغانلار قاخشىدى،
قايغۇرمىساڭ ھالىڭغا شۇم زىمىستان ئويغاندى،
ئويغىنايلى ئۇيقىدىن، ئەمدى ئۇخلاش بىزگە يات،
ئىلىم، ئېرپانلار ئۈچۈن پارچە جاھان ئويغاندى.

قۇتلۇق شەۋقى يالغۇز ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيىتى بىلەنلا ئەمەس ئەمەلىي پائالىيىتى بىلەنمۇ يېڭى مەدەنىيەت ۋە ئەركىنلىك ۋە دېموكراتىك ئەدەبىيات ئۈچۈن چوڭ تۆھپە قوشتى: 1933 - يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم مەتبۇئات قۇرۇپ «ئەركىن ھايات»، كېيىنچە «يېڭى ھايات» گېزىتىنى نەشر قىلدى. گېزىتتە ئېچكى، تاشقى خەۋەرلەر ئېلان قىلىنغاندىن باشقا ئەينى زاماندىكى شائىر ۋە يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرى، تارىخىي ماقالىلار، ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىغا ئائىت مەلۇماتلارمۇ بېسىلىپ تۇردى. شۇنداق دېيىشكە بولىدىكى

«ئەركىن ھايات» گېزىتى ئارقىلىق تەشۋىق قىلىنغان ئەركىن پىكىرلەر، دىمۇكراتىيە، ئازادلىق سادالىرى خەلقنىڭ ئاڭ - سەزگۈسىنى ئۆستۈرۈشتە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىدى. 30 - يىللاردىكى ئازادلىق ھەركەتلىرىنى تەييارلاشتا ئىدىيىۋى تۈرتكە پەيدا قىلدى. شائىر ۋە جامائەت ئەربابى قۇتلۇق شەۋقىنىڭ خەلقپەرۋەر ۋە ئازادلىقپەرۋەر غايىلىرىنى ئۇنىڭ مۇنۇ شېئىرلىرىدىن كۆرۈشكە بولىدۇ:

بىر قىلىچ بەرسە خۇدا كەس دەپ ئۇنىڭغا بۇيرىسام،
ئۈزسە خەلق بوينىدىكى خارلىق كىشەن زەنجىرىنى.
گەر خارابكەن ئەل - ۋەتەن كاللامنى ئۈزسۇن ئۇ قىلىچ
كورمىسۇن شەۋقى كۆزى قۇللۇقتا ئەل تەقدىرىنى.

ئىلىم - پەننى، مەرىپەتنى قىزغىن سۆيگەن ۋە ئۆزىنىڭ پۈتۈن زېھنىنى، قابىلىيىتىنى، تالانتىنى، ۋە ۋەتەن، خەلقنى ئويغىتىشقا بېغىشلىغان شائىر قۇتلۇق شەۋقى ھەممە ماددى ۋە مەنىۋى بايلىقنى خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن، دىمۇكراتىيە ۋە يېڭىلىق ئۈچۈن سەرپ قىلدى، ئۇنىڭ تۆۋەندىكى بىر مەشھۇر شىرى- پىكىرىمىزنىڭ دەلىلى بولالايدۇ:

ئاناتىل بىلگەن كىشىنىڭ ئىززەتىن قىلغۇم كېلۇر،
ئانا تىلنى ئاغزىدىن ئالتۇن بېرىپ ئالغۇم كېلۇر،
بۇ ئاناتىل بولسا گەر ئامېرىكايۇ - ئافرىقىدا،
سەرپ ئېتىپ مىڭلارچە تىللا ئاندە مەن بارغۇم كېلۇر.
ئېي ئاناتىل بىزگە سەن ئوتكەن ئۇلۇقلاردىن نىشان
سەن بىلەن روھى زېمىندا ئېپتىخار ئەتكۈم كىلۇر.

بۇ شېئىر ئەينى زاماندا خەلق ئىچىگە تېز تارىلىپ ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلغان تۈنجى ياش ئەۋلاتنىڭ مارشىغا ئايلانغان ئىدى. شەۋقى — شىڭ شىسەي تۈرمىسىدا ئۆلتۈرۈلدى.

☆

1911 - يىلدىن 1927 - يىلغىچە بولغان دەۋىردە شىنجاڭدا كۆزگە كورۈنەرلىك بىرەر مەتبۇئات، گېزىت ژورنال يوق ئىدى. شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى گويا 20 - ئەسىردىكى دۇنيادا قاراڭغۇلۇق بېسىپتۇرغان بىر يالغۇز ئارالدا ياشىغاندەك ئالەمدىن بىخەۋەر ياشاشقا مەجبۇر ئىدى. مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچكى ئولكىلى-

رى بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلگەن ئىدى. يېقىنقى زامان جۇڭگو تارىخىدا زور دەۋر بۆلگۈچ هادىسە بولغان «4 - ماي» هەركىتىنىڭ ئىنقىلاۋى ساداسى، بولۇپمۇ جۇڭگو كومپارتىيىسى قۇرۇلغاندىن كېيىنكى قاينام - تاشقىنلىق ئىنقىلاۋى پائالىيەتلەر شىنجاڭغىمۇ يېڭى ئىدىيە، يېڭى ئويغىنىش ئۇرۇغىنى چاچتى. شىنجاڭدا بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاپ غايىلىرى، ئويغىنىش غايىلىرى ۋە فېئوداللىق ئىجتىمائى تەرتىپكە قارشى پائالىيەتلەر تەدرىجى هالدا ئۆز كۆچىنى كۆرسىتىپ ياڭ زىڭشىن هاكىمىيىتىنى ئىسلاهات ئېلىپ بېرىشقا مەجبۇرقىلدى. بۇجەهەتتە شىنجاڭدىكى ئىلغار خەنزۇ زىيالىيلىرىنىڭ كۆرسەتكەن تەسىرى ناهايىتى چوڭ. بۇ هەقتە يېتەرلىك تارىخىي پاكىتلار بار.

1920 - يىللىرى ئەتراپىدا ئۈرۈمچىدە تۇنجى قېتىم يېڭىچە ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە رۇسچە سىياسىي - قانۇن مەكتىۋى ئېچىلدى. بۇ مەكتەپتە دەسلەپتە 80 نەپەر هەر مىللەت زىيالىيلىرى ئوقۇش پۈتتۈردى. قەشقەر، قۇمۇل، ئىلى، خوتەن قاتارلىق جايلاردىن چەتكە چىققان ۋە دۇنيا ۋەزىيىتىدىن خەۋەردار بولغان تەرەققىپەرۋەر كىشىلەر دېموكراتىك غايىلەرنى تەرغىب قىلىپ، ئىستىبداتلىققا قارشى كۈرەشكە، يېڭىلىققا، زامانىۋى ئىلىم - پەنگە ۋە ئازاتلىق، دېموكراتىيە ئۈچۈن كورەش قىلىشقا ئۈندىدى. 1920 - يىلدىن كېيىن غۇلجا، قەشقەر، خوتەن، تۇرپان ۋە قۇمۇللاردا زامانىۋى ئىلىم - پەن مەكتەپلىرى ئېچىلدى. بولۇپمۇ، قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسە، ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلارنىڭ پائالىيەت مەركىزىگە ئايلانغان ئىدى. شۇ يىللاردا قەشقەر، غۇلجا ۋە ئۈرۈمچىگە ئوخشاش مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە ئىلغار پىكىرلىك زىيالىيلارنىڭ دەسلەپكى قوشۇنى كۆپىيىشكە باشلىدى. غۇلجىدا «ئىلى دەرياسى» گېزىتى تەسىس قىلىندى. بۇ گېزىت دەسلەپتە، «يىجاڭ رىباۋ» نامى بىلەن خەنزۇچە نەشر قىلىنغان بولۇپ، 1930 - يىللىرى ئەتراپىدا غۇلجا شەهەردە ئازمىقتاردا نەشر قىلىندى. «ئىلى دەرياسى» گېزىتىدە مەرۇپسە ئىدى دېگەن كىشى تەهرىرلىك قىلدى ئۇ، 3 خىل تىل بىلىدىغان تالانتلىق سىياسىيون هەمدە ئۆتكۈر شائىر ئىدى. ئۇنىڭ خەلق قوشاقلىرى شەكلىدە يازغان نۇرغۇن شېئىرلىرى ۋەتەنپەرۋەرلىك روهقا ئىگە بولغاچقا ۋە ئازاتلىق غايىلىرىنى، ئىنسانىيەتنىڭ گۈزەل مەنىۋى دۇنياسىنى كۈيلىگەچكە تېز ئارىدا خەلق ئىچىگە ئۆزلۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك روهى بىلەن تولغان بىر شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

ئىلىخونىڭ زېمىنلىرى،
مول هوسۇللۇق بىنەملىرى

ئابۇ ـ ھايات غـول سۇلـىرى،
زەپ يېقىملىق ھاۋاسى بار،
مۇڭلۇق ياڭـراق ناۋاسى بار.
ئەشلە ـ ئەشلە ھارماي ئەشلە
كېچە ـ كۈندۈز تىنماي ئەشلە.
ئىلىخونىڭ تاغلىرىدا
ئالـتۇن ـ كۈمۈش كانلىرى بار،
يېزا ـ قىشلاق سەھراسىدا
گۈل ـ گۈلستان باغلىرى بار.
ئەشلە ـ ئەشلە ھارماي ئەشلە
كېچە ـ كۈندۈزتىنماي ئەشلە!

بۇنىڭدىن باشقا، غۇلجىدا ئايۇپ مەنسۇرى ناملىق تالانتلىق بىر شائىر ئۆتـكەن، ئۇ قورغاس مازارىدىن بولۇپ، كىچىكىدىن تارتىپ شېئىرىيەت ۋە ئەدەبىياتقا ناھايىتى قىزىققان. بەزى مەلۇماتـلارغا قارىغاندا 33 ـ يىلـى تۇنجـى قېتىم يېڭـى مەكتەپ تەشكىللەنگەندە مۇئەللىم بولغان. شـۇ مەزگىلدە بـالىلارغا ئائـت نۇرغۇن شېئىر يازغان. يـەنـەبىر ئاددى سەھنە كىتاۋى يېزىپ، ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا سەھـنىلەشتۈرگەن. ئۇقۇغۇچىلارغا شېئىر، دىكلاماتسىيە ئوقۇشنى ئۆگىتـىپ ياش ئەۋلاتلارـنـى بىلىم ئېلىشقا چاقىرىدىغان مارشلارنى يازغان، ئۇنـىڭ بىر مارشىدا مۇنداق دېيىلـگەن :

يۈرۈڭلار مەكتەپكە، ئوقۇيلى باللار
بىلىم بىلەن نۇرلانسۇن قاراڭغۇ دىللار،
باپ ـ باراۋەر تارالسۇن ھەر مىللەتكە نۇرلۇق ئاڭ
مەدەنىيەت بىلەن گۈلـلەنسۇن يېڭـى شىنجاڭ.

30 ـ يىللاردا ئۆتكەن شائىرلار ئىچىدە يەنە نامى ئۇنتۇلغان ئەمما ئەسەرـلىرى خەلـق ئىچىدە ياشاپ كېلىۋاتقان تالانتلـىق شائىر ۋە ئالىملارمۇ بار. مەـسىلەن: نەزەر خوجا، بۇ كىشى ئىلىنىـڭ چاپچال ناھىيىسىدىن بولۇپ، ئاخىرقـى ئۆمرى ئىلىقـىدا ئۆتكەن. نەزەر خوجىنىـڭ نۇرغۇن لىرىـك ۋە تارىخـى تېمىلاردا يـازغان شېئىرلىرى ھەمدە «نۇزۇگۇم» داستانـى خەلق ئىچىگە تـارالغان. ئۇنىڭدىن

بىزگە مەلۇم بولغان بەزى شېئىرلىرى ۋە داستانىدىن مەزكۇر شائىرنىڭ زور تالانتى ۋە يۈكسەك مەنىۋى ئەخلاقى، خەلقسۆيەرلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

داموللا رازى (بەزىلەر رازىيۇپ داموللا دەپمۇ ئاتايدۇ) نەسۇھا (داموللا نەسۇھا)، ئابدۇللا پىراقى نامىلىق شائىرلارمۇ غۇلجىدا ياشاپ ئىجات قىلغان. بۇ شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى ھەقىقەتەن ئۆزىگە خاس يۇقىرى بەدىئىلىككە ئىگە بولۇپ، خەلقىمىزنىڭ يۈكسەك پۇئىتىك قۇدرىتىنى نامايەن قىلىدۇ. مەزكۇر شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى توپلاش، نەشر قىلىش نۆۋەتتىكى مۇھىم ئىشلارنىڭ بىرى.

30 - يىللار ئەدەبىياتىنى ئەستايىدىل تەكشۈرسەك شىنجاڭنىڭ ھەممە ۋىلايەتلىرىدە قىزغىن ئىجادىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغان ۋە ئاجايىپ جاراڭلىق شېئىرلىرى بىلەن خەلقىمىزگە مەنىۋى ئوزۇق، تەسەللى بەرگەن، خەلقنى ئازاتلىققا، مەرىپەتكە، دېموكراتىيەگە ئۈندىگەن نۇرغۇن تالانتلىق شائىرلارنى ئۇچرىتىمىز.

مەسىلەن: قۇتۇپلۇق زۇنۇنى، ئاقسۇلۇق سوپى زادە، (ئۆزبېك) يىڭىسالىق نىزامى، ئاتۇشلۇق تەۋفىق (تەۋفىق ئەپەندى) كۇچالىق ئىسكەندەر شەۋقى، ئۈچتۇرپانلىق مەھەممەت ئەلى قاتارلىق شائىرلارنىڭ ھەر بىرى ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئارگىنالىلىققا ئىگە بولۇپ، ئۆز يۇرتلىرىدا خەلقنىڭ يۈكسەك ئىناۋىتىگە سازاۋەر بولغان ئەدەبىيات ۋەكىللىرى ئىدى. بۇلارنىڭ ئەسەرلىرى قولىيازما ھالىتىدە خەلق ئىچىگە تارقالغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى ھازىرغىچە يىغىپ توپلانغىنى يوق.

يۇقۇرقى شائىرلار قالدۇرغان مەزمۇنلۇق ئەدەبىي مىراسلار يېڭى زامان دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىممەت باھا بايلىقىدۇر.

بىز ھازىرقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە سوتسىيالىستىك رىيالىزم ۋە ئىنقىلابىي رومانتىزم ئىستىلىنىڭ شەكىللىنىش تارىخىنى تەتقىق قىلغىنىمىزدا دېموكراتىك ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئېقىمىنىڭ شەكىللەنگەن دەۋرى — 20 - 30 - يىللاردىكى شېئىرىيەت سەھىپىسىنى ۋاراقلىماي ئۆتەلمەيمىز.

20 - 30 - يىللاردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ خۇسۇسىيىتى، ئۆھپىسى نېمىدىن ئىبارەت؟ بۇنى قىسقىچە تۆۋەندىكى 3 نۇقتىغا جەملەپ كۆرسىتىش مۇمكىن:

(1) شېئىرىيەت مەزمۇنى، شېئىرىيەت ئوبىكتى، بەدىئىي پىكىر، غايە جەھەتتە بۆسۈش پەيدا بولدى. دىنى تەسەۋۋۇپ مەزمۇندىكى قەسىدە، مۇناجات ۋە باشقا پىسسىمىزملىق مەزمۇنلار، سوفىزىم، تەركى دۇنياچىلىق غايىلىرىنى تەرغىب قىلىدىغان پاسسىپ شېئىرلار ئورنىغا ئىجتىمائىي تۇرمۇش ھادىسىلىرىدىن ئېلىنغان، خەلقنىڭ جانىجان ئارزۇلىرىنى كۈيلەيدىغان، خەلقنى زۇلۇمغا قارشى كۈرەشكە، دېموكراتىيەگە، مەرىپەتكە ئۈندەيدىغان رىيال، ھازىر جاۋاپ سىياسى لىرىكىلار يارىتىلدى.

(2) شېئىرىيەت شەكلىدىمۇ ئىلگىرىلەش بولدى. ئۇيغۇر كلاسسىك شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى شەكىللىرى بىلەن بىر قاتاردا يېڭى زامان شېئىرىيەت شەكلى ۋە چاچما شېئىرلار، نەسرى شېئىرلار مەيدانغا كەلدى. شېئىرىيەت ۋەزنىدە بېيىش بولدى، ئارۇز ۋەزنىدىكى شېئىرلار بىلەن بىر قاتاردا يەنە بارماق ۋەزنى بىلەن يېزىلغان، خەلق قوشاقلىرى شەكلىدىكى ئاھاڭدار شېئىرلارمۇ يارىتىلدى.

(3) بۇ دەۋردە پوئېزىيە تىلىدا زور ئىلگىرىلەش بارلىققا كەلدى. شېئىرى تىل جانلىق خەلق تىلىغا كۆپ دەرىجىدە يېقىنلاشتى. كلاسسىك شېئىرىيەت ئەنئەنىسى ئاساسىدا يېڭىلاش - ئىلگىرىلەش ئامىللىرى چوڭ سالماققا ئىگە بولدى. شۇنىڭدەك نوقۇل ھالدا ئەرەبچە، پارسچە قېلىپلاشقان تىل بىلەن شېئىر يېزىش ئۇسلۇبى ئورنىغا ساپ ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئاددى خەلق ئاسان چۈشىنىدىغان ئىخچام، ئاممىباپ، راۋان تىلدا يېزىلغان جاراڭلىق شېئىرلار بارلىققا كەلدى. شېئىرىيەت تىلىنىڭ ساپلىقى، خەلقچىللىقى بۇ دەۋردىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شېئىرلاردا ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

بۇ ھال يېقىنقى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئىنقىلاۋى رومانتىزم، سوتسىيالىستىك رېيالىزم ئىستىلىنىڭ بارلىققا كېلىۋاتقانلىقىدىن، شېئىرىيەت تېمىسىدىمۇ زور يېڭىلىنىش بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ يەنە بىر تەرەپتىن خەلقچىللىق بىلەن سۇغۇرۇلغان ۋە كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، مەنىۋى دۇنياسىنى ۋە ئەركىنلىك غايىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان دېموكراتىك ئىلغار زامانىۋى ئىجادىيەت ئىستىلى بىخ سۈرىۋاتقانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ.

بۇ نۇقتىلاردىن قارىغاندا، 30 - يىللار ئەدەبىياتى بولۇپمۇ شېئىرىيەت ساھەسى ئەدەبىياتىمىز تارىخىدا ناھايىتى چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئازاتلىقتىن كېيىنكى 30 يىللىق سوتسىيالىستىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ زور تەرەققىياتى، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئىلغار سوتسىيالىستىك رېيالىزم ۋە ئىنقىلاۋى رومانتىزم ئىستىلىنىڭ شەكىللىنىشىدە جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ بىۋاستە غەمخورلۇقى ۋە يېتىشتۈرۈشى، شۇنداقلا پرولېتارىيات ئەدەبىياتىنىڭ غايىۋى تۈرتكىسى ھەل قىلغۇچ ئامىل. بۇ — مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان تارىخىي ھەقىقەت. ئەمما، بۈگۈنكى ئىلغار ئەدەبىياتنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە كونا - يېڭى دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخى راۋاجلىنىشى دەپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنداق تونۇغاندىلا، بىز ھەرقايسى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ئەنئەنىۋى ۋارىسلىق قىلىش قانۇنىيىتىنى ئەمەلىي يوسۇندا توغرا چۈشەنگەن بولىمىز.

ھەر قانداق مىللى ئەدەبىياتنىڭ ھەر قايسى دەۋرلىرىدە نۇرغۇن ئەدىپلەر، يازغۇچىلار ۋە شائىرلار ئۆتىدۇ. ئۇلار پۈتۈن بىر مىللەت مەدەنىيىتىنى نامايەن قىلىدىغان، دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، خەلقنىڭ ئەينى زاماندىكى ئارزۇ - ئارمانلىرىنى، ئىجتىمائى ئىدىئولوگىيەنى گەۋدىلەندۈرىدىغان نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرىدۇ. بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئومۇمى يىغىندىسى شۇ خەلقنىڭ بىر پۈتۈن ئەدەبىيات غەزىنىسىنى تولدۇرۇپ، ئەدەبى بايلىققا ئايلىنىدۇ. لېكىن، بۇنداق ئەسەرلەر ۋە شەخسلەر ئىچىدە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بەزى شەخسلەر ۋە ئەسەرلەر باركى، ئۇلار شۇ خەزىنىنىڭ گەۋھەرلىرىدۇ. بۇنداق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورلىرى شۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە نامايەندىسى بولالايدۇ. چۈنكى، ھەقىقى شائىر ۋە يازغۇچى ئۆز دەۋرىنىڭ روھى بىلەن ياشاپ، خەلقنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى بىلەن نەپەس ئالىدۇ. ئۆزى ياشاپ تۇرغان ئىجتىمائى ھاياتنىڭ ھەر بىر ھادىسىلىرى ئۇنىڭ قەلبى ئەينىكىدە ئۆز ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، ھەقىقى تۇرمۇش كارتىنىسىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرىدۇ. بىر دەۋردە ئىجات قىلىنغان ئەدەبى ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى «ئۆلمەس ئەسەرلەر» بولىۋەرمەيدۇ. مىڭلىغان شېئىر ئىچىدىمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە خۇسۇسىيەت بىلەن چاقناپ تۇرىدىغان ئۆز دەۋرىنىڭ ئومۇمى ھادىسىلىرىنى، جەمئىيەتتىكى ئىلغار ئىدىئولوگىيىنى تىپىك ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلىگەن ۋە تەبىئى ھالدا خەلق ئىچىگە سىڭىپ، ئۆزلىشىپ كەتكەن، خەلق قەلبىدە مەڭگۈ ئورۇن ئالغان شېئىرلارلا «ئۆلمەس» شېئىرلاردۇر. بۇنداق شېئىرلار پۈتۈن مىللەت پوئېزىيەسىنىڭ ۋە ئەينى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ يۇقۇرى نۇسقىسى. شۇ دەۋرنىڭ ئەينىكى، خەلق پىكىرىنىڭ ئىخچام يەكۈنى، نەمۇنىسى سۈپىتىدە ئەۋلاتتىن - ئەۋلاتقا مىراس بولۇپ قالىدۇ. بۇنداق شېئىرلار ۋە ئەدەبى ئەسەرلەر ئەدەبىيات تارىخىنىڭ مۇئەييەن دەلىلىدۇر.

30 - يىللار ئەدەبىياتىدا پۈتۈن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئازاتلىق كۈرەشلىرىدە يارىتىلغان شانلىق سەھىپىلەرنىڭ قانۇنلۇق ۋارىسى بولالايدىغان، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدا ئۇنتۇلماس تۆھپە قوشقان خەلقپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر شائىرلىرىمىزنىڭ ئۆتكەنلىكى بىلەن پەخىرلىنىشكە ھەققىمىز بار!

يۇقۇردا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، 30 - يىللار ئەدەبىياتىنىڭ، توغرىسى، كونا دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ چوڭ نامايەندىلىرى — ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە قۇتلۇق شەۋقى، ئابدۇقادىر ئەزىزى ۋە ئابدىراخمان شادى قاتارلىق ئەدىپلەرنىڭ ئىجادى پائالىيەتلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا پەخىرلىنىش بىلەن تىلغا ئېلىنىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بۇ ۋەكىللىرى ئۆزلىرىنىڭ قىممەتلىك ئۆمرىنى، مەنى-

ۋى كۆچىنى، قابىلىيەت - تالانتىنى ۋە جىسمانىي ھاياتىنى ئۆز خەلقى ئۈچۈن تەقدىم قىلغان. مانا بۇ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىنىڭ يەنە بىر شانلىق سەھىپىسىدۇر. دەرۋەقە، بۇ شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى تېخى تەلتۆكۈس توپلىنىپ تەتقىق قىلىنغىنى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ تارىخىي شەخسلەرنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىلىرى سىياسىي مۇددىئالىرى، ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي ئورنى، دۇنيا قارىشى تولۇق ئۆگىنىلمىدى. بۇلارنىڭ ھەر بىرىگە تارىخىي رېياللىق بويىچە ئوبيېكتىپ باھا بېرىش مەسىلىسى خېلى ئىلمىي تەكشۈرۈش تەلەپ قىلىدىغان سالماقلىق مەسىلە، لېكىن شۇ نۇقتا روشەنكى، يۇقۇردا نامى تىلغا ئېلىنغان ئەدەبىيات ۋەكىللىرى كېيىنكى 60 - 50 يىللار مابەينىدە خەلق خاتىرىسىدىن ئۆچمىگەن. ئۇلارنىڭ ساقلىنىپ قالغان قىسمەن ئەسەرلىرى ھىلىمۇ خەلق ئىچىدە ئەتىۋالاپ ساقلانماقتا. بۇ ھال ئۇلارنىڭ ئۆتكەن دەۋردىكى ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە ئۇنتۇلماس رولى بارلىغىدىن بىشارەت بېرىدۇ. بىز 30 - يىللار ئەدەبىيات ۋەكىللىرىنىڭ ئىجادى پائالىيىتىگە باھا بېرىشتە 30 - يىللاردىكى تارىخىي رېياللىقنى ئۆلچەم قىلىشىمىز لازىم. ئۆتكەن تارىخىي دەۋىر ئەدەبىياتىغا ھازىرقى دەۋىر نۇقتىئىنەزىرى بويىچە باھا بەرگەن يەنى ئۇنىڭ «ئىلغارلىقى ياكى قالاقلىقى، ئىنقىلاۋىلىقى ياكى ئەكسىلئىنقىلاۋىلىقى» نى ھازىرقى ئۆلچەم بويىچە ئۆلچىگەندە ئىدىئولوگىيە تەرەققىياتىغا توغرا باھا بېرىشنىڭ دىئالېكتىكىلىق مىتودىدىن چەتنەپ كېتىمىز - دە بۇ ئىلمىي پوزىتسىيە بولمايدۇ.

بىر خەلق ئەدەبىياتى ۋە ئىدىئولوگىيىسىنىڭ مەلۇم تارىخىي دەۋردە ئۆتكەن ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە نامايەندىلىرىگە باھا بىرىشتە، ئۆتكەندە ئۇنداق ياكى مۇنداق ئىغىشلاردىن خالىي بولالمىدۇق. بۇ ھال ئەدەبىياتىمىزنى سېستىمىلىق تەتقىق قىلىپ، مېغىزى بىلەن شاكىلىنى ئايرىتىشقا پايدىسىز ھالەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

30 - يىللار ئەدەبىياتىدا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئازاتلىققا بولغان تەشنالىقى، مۇھەببەت - نەپرىتى، گۈزەل ئىستىقبالغا بولغان ئىنتىلىشى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ۋەتەن بىرلىكىنى قوغداش، خەلقىنىڭ ئارزۇسىغا سادىق بولۇش، يېڭىلىقنى، ئىلىم - مەرىپەتنى كۈيلەش، مۇتەئەسسىپلىككە، نادانلىققا قارشى مۇرەسسەسىز كۆرەش قىلىش سادالىرى ياڭرىغان.

شېئىرىيەت - ئىجتىمائىي تەرەققىياتتا ناھايىتى ئۆتكۈر قورال، مەنىۋى گۈزەللىكنىڭ يۈكسەك ئىپادىسى، يۇقۇرى ئىدىيىۋىلىك بەدىئىلىك تەلەپ قىلىدىغان ئەدەبىي شەكىل. شائىر ئويلىغان پىكىر، ئوقۇلغان سۆز قانچىلىك بەدىئىي، قانچىلىق داغ-

دۇغلىق - ھەشەمەتلىك بولىشىدىن قەتئىي نەزەر، ئۇنىڭ شېئىرىدىكى مەزمۇن - غايە يېڭىلىقنى ئىلغار ئىدىيىنى ئىلگىرى سۈرمىسە، يېڭىلىق تەمىنى بەرمىسە، كىشىلەر تەرىپىدىن ئالىقاچان ئوتتۇرغا قويۇلغان پىكىرلەرنى تەكرارلاۋەرسە، دەۋرنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى، ئىنسان قەلبىنى ئەڭ نازۇك بەدىئىي دىت ۋە ئەڭ يېڭى زوقلۇق ھىس - تۇيغىلار بىلەن ئىپادە قىلالمىسا، ئۇ ئۆزىدىكى شېئىريي گۈزەللىكنى ۋە شېئىريي قىممەتنى يوقاتقان بولىدۇ. شېئىر - قاپىيە، ۋەزنىدىنلا، چىرايلىق، داغدۇغىلىق سۆزلەر توپلىمىدىنلا تەركىپ تاپىدىغان سۆز ئويۇنى ئەمەس، بەلكى تىلدىكى ھەممە گۈزەللىكنىڭ، ئاددىي سۆز بىلەن ئىپادىلەشكە بولمايدىغان نازۇك تۇيغۇلارنىڭ مۇجەسسەم بىرلىكىدۇر. ئۇستاز شائىرلارنىڭ، دانىشمەن تالانت ئىگىلىرىنىڭ يۈرەكنى لەرزىگە كەلتۈرىدىغان گۈزەل شېئىرلىرى بولمىغان بولسا، شېئىرىيەتمۇ بولمىغان بولاتتى.

تەتقىق قىلىنمىغان ئەدەبىي مىراس خۇددى چىچىلىپ ياتقان گۆھەر - مارجانغا ئوخشايدۇ. ئەگەر بىرەر مىللىي ئەدەبىيات ماركسىستىك دىيالېكتىكا مېتودى بويىچە تەتقىق قىلىنمىسا، مۇئەييەنلەشتۈرۈلمىسە ئۇ بىر چېچىلاڭغۇ، گادىرماش نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇكى، ئۇنىڭ ئىچىدىن گۆۋھەر بىلەن تاشنى، ئالتۇن بىلەن مىسنى ئاجرىتىۋېلىش تەس بولىدۇ. ئالتۇن ۋە گۆۋھەر ھەر قانداق شارائىتتىمۇ ئۆز قىممىتىنى يوقاتمايدىغان قەدىرلىك نەرسىلەردۇر. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىش، مۇئەييەنلەشتۈرۈش گۆۋھەر ۋە مارجانلارنى يىغىپ ئۆتكۈزۈپ بىر پۈتۈن قىممەتلىك بايلىققا ئايلاندۇرۇش دېمەكتۇر.

ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۆتمۈش تارىخىنى تەتقىق قىلىش — ئۆگىنىش، ھەر قايسى دەۋىر ئەدەبىياتىغا رىيال تارىخىي نۇقتىنەزەر بويىچە باھا بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئالاھىدىلىكى ۋە قىممىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش — ئەدەبىيات تەرەققىياتى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئامىللارنىڭ بىرىسىدۇر.

① بۇ ماقالە ئاپتۇرنىڭ شىنجاڭ مائارىپ ئىنىستىتۇتىدا (1981 - يىلى) ئوقۇغان لېكسىيەسىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

# تالانتلىق شائىر، لىرىك ناخشا

## — تۇرغۇن ئالماس ئىجادى مىسالىدا

مەھمۇت زەيدى

ھەممىگە مەلۇمكى، ئەدەبىيات دەۋر روھى، زاماننىڭ تېرمومېتىرى بولغانلىقى سەۋەبلىك، ئۇنىڭ ئىجاتكارلىرى ھەمىشەم ئەنە شۇ روھ، ئەنە شۇ نەپەس بىلەن ياشايدۇ، يازغۇچى ھايات ئېقىمىنى، ھاياتنىڭ دولقۇنلىرىنى كۆزىتىپلا قالماي، بەلكى شۇ ئېقىم، شۇ دولقۇنلاردا ئۈزۈپ، نېرىقى يېڭى قىرغاققا يەتكۈچىلەر بولغانلىقتىن، ئۆز ئەسەرلىرىدە جەمئىيەت ھاياتىنى، كىشىلەر ئۈمىدىنى، زاماننىڭ رايى ۋە تۇرمۇشنىڭ مەنتىقىسىنى يارقىن ئوبراز بىلەن كۆرسىتىدۇ.

يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا خەلقىمىزگە ئۇزۇن يىللاردىن تونۇش بولغان ياغۇچى ت. ئالماس يۇقۇرىدىكى سۆزىمىزنىڭ جانلىق ئىسپاتى بولالايدۇ.

يازغۇچى زاماننىڭ كاتىۋى، كىشى روھىنىڭ ئىنژېنېرى. ئۇ دەۋرىمىز كىشىلىرىنىڭ ئۇستازى، ئەينى زاماندا ئۇ ھەم شائىر، ھەمكۆپ تەرەپلىمە يېتىشكەن پەيلاسوپ ۋە مۇتەپەككۇردۇر. تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر يازغۇچىلار مۇشۇنداق ئىدى. بۇ ئەنئەنە ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى سەھىپىسىدە ھازىرغىچە ئۈزۈلمەستىن كېلىۋاتىدۇ ۋە كۆپلىگەن ئۇيغۇر ئەدىپلىرىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرىدىمۇ ئۆز ئەكسىنى تاپقان.

ئۇيغۇر يېڭى زامان ئەدەبىياتى ۋە شېئىر ئىجادىيەت ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئەدىپلەرنىڭ بىرى تۇرغۇن ئالماسدۇر، ئۇ 40 - يىللاردىلا شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئەدەبىياتنى قورال قىلىپ ئۆزىنىڭ ھەقىقەتكە بولغان ئىشەنچ - ئارزۇسىنى، مېھرى - مۇھەببىتىنى ئىپادىلىگەن، شۇنداقلا ھەقىقەتنىڭ دۈشمەنلىرىگە تولغان نەپرەت - غەزىۋىنى، ئۇلارنىڭ زاۋاللىققا يۈزلەنگەن قىياپىتىنى ئۆز شېئىرى ئەسەرلىرىدە ئىزھار قىلغان.

تۆكۈلگەن ساپ قانلار شولىسى بىزگە،
كۆرسەتتى نۇر چېچىپ، يورۇق بىر تاڭنى.
شۇ قانلار ئىزىدىن ئۇمتىلەرپارلاپ،
يۈرەككە ئورناتتۇق يۈكسەك بىر ئاڭنى.

« تاڭ سەھەر » شېرلار توپلىمىدىن 3 - بەت.

42 - يىلى يېزىلغان بۇ شېرىدا ئاپتورنىڭ ئۆز ۋەتىنىگە بولغان كۈچلۈك مۇھەببىتى، ئىستىقبالغا بولغان ئىشەنچ ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتكەن، ئۇنىڭ شېرلىرىدا ئۇمتىۋارلىق روھ - ئىسيان تۇيغۇسى قويۇق تۈس ئالغان بولۇپ، شائىر ھاياتىنىڭ بەدىئىي خاتىرىسى دېيىشكە بولىدۇ.

*

تۇرغۇن ئالماس 1924 - يىل 30 - ئۆكتەبىردە قەشقەردە تۇغۇلغان. 1942 - يىلى ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىندە ل. مۇتەللىپ قاتارلىقلار بىلەن بىللە ئوقۇغان. دەسلەپكى شېرى 40 - يىلى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پىشقەدەم ۋەكىلى ۋە يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تالانتلىق بىر ۋەكىلى. ئۇ 40 - يىللار ئەدەبىياتىمىزدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، 3 ۋىلايەت ئىنقىلاۋىي پارتلىغاندىن كېيىن بۇ ساھەدە مۇھىم پائالىيەتلەردە بولغان.

تۇرغۇن ئالماس 1943 - يىلى قاراشەھەردە خىزمەت قىلىۋاتقان ۋاقىتلىرىدا ھەقىقەتنى سۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە سېلىنغان. 45 - يىلى تۈرمىدىن چىققان. ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلاۋى غەلىبە قىلىپ 11 ماددىلىق بېتىم ئىمزالانغاندىن كېيىنكى بىر نەچچە يىل ئىچىدە شائىر يەنە داۋاملىق ئىنقىلاۋى پائالىيەتلەر ئېلىپ بارغانلىقتىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى يەنە تۈرمىگە تاشلىغان. مانا شۇ يىللاردا شائىر « تۇتقۇن » ، « ئازاتلىق مەشئىلى » ، « ئانا تۇپراق ئۈچۈن »، دېگەندەك تېمىلاردا بىر قاتار شېرلارنى يېزىپ ئىرادىسىنى چىنىقتۇرغان. مەلۇمكى، شېر ئىرادىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ ياخشى يېزىلسا كۈيگە سېلىپ، ناخشا قىلىپ ئېيتىلىدۇ. كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چەكسە ئېغىزدىن - ئېغىزغا ئۆتۈپ، خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن ئېيتىلىپ، كىشىلەرگە كۈرەش ۋە تۇرمۇشتا ھەمدەم بولىدۇ. ت. ئالماسنىڭ «ئۆمرۈڭگە باق»، « مەكتەپكە » دېگەن شېرلىرى ئاساسىدا ۋۇجۇتقا كەلگەن « تەنلىرىم ياپراق» دەپ

باشلىنىدىغان شېرى 46 - يىلىدىن باشلاپ تاكى ھازىرغىچە ئۆتكەن 40 يىلدىن بې-
رى كىشىلەرنىڭ ئېغىزلىرىدىن چۈشمەي ياڭراپ كەلمەكتە بۇ ناخشا باغلاردا، مە-
كتەپلەردە، خەلق ئىچىدە ۋە رادىيولاردا جاراڭلاپ سەنئەت بېغىمىزدا نادىر ناخشى-
لار قاتارى ئورۇن ئالغان . بۇ ھال شائىر ت. ئالماسنىڭ تالانتلىق شائىر
ئىكەنلىگىنى يەنە بىر قېتىم كۆرسەتكۈچى پاكىتدۇر.
بۇ ناخشىنىڭ تېكىستىنى كۆرۈپ باقايلى:

تەنلىرىم ياپراق تىترەپ توختىدى،
يۈرىگىم دەرتلىك ئەركىن سوقمىدى.
چۈنكى ئەي يارىم سېنىڭ ھالىڭنى،
كۆردۈم پىغاندا غۇنچە چاغىڭنى.

ئاستىلاپ بېسىپ ئۇن بەشكە كىردىڭ،
تېخىمۇ دەھشەت باستى پەلەكنى.
رەقىپنى بىلمەي دوستۇم دەپ يۈرۈپ،
بىرزالىم قانخور ئەزدى يۈرەكنى.

ئۈمىدىم ئويغاق، مەغرۇر ياشلىغىم،
ئۆتمۈشنى ئەسلەپ كۆزنى ياشلىما.
قەدىرلىك جانان، سۆيگەن ئامرىغىم،
زامانەڭ كەگرى مېنى تاشلىما.

ئويلا ئەي يارىم، رەقىبلەر يامان،
گەر بوي سۇنمساڭ يىغلاتۇر ھامان.
چىرايىم مېنىڭ سارغايدى سامان،
مەن كەتتىم ئەمدى ،سەن قالغىن ئامان.

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، بۇ ناخشا شۇ دەۋر روھىغا ئىگە. بۇشېر تارىخىنىڭ ئو-
چۇق تۇرغان بىر ۋارىغىنى ئەسلىتىدۇ، بو ناخشىدا ھەم تۇرمۇش، ھەم كۈرەش،
شاتلىق، ئۈمىت گىرەلەشكەن. شۇقارا ئۆتمۈش دەۋردىكى ياشلارنىڭ ئاچچىق سەرگۈزە
شتىنى، نىقاپ بىلەن دوست قىياپىتىگە كىرىۋالغان رەقىپلەرنى ئەسلىتىدۇ. لېكىن

زامان، بەخت بىزنىڭ بولىدىغانلىقىنى، دائىم ئويغاق، جەڭگىۋار ھالەتتە بولۇشنى تەرغىپ قىلىدۇ. ئومۇمەن بۇ ناخشا بىزنى بىر قېتىملىق كۈرەشتىن خەۋەردار قىلىدۇ. ناخشا بىلەن كۈرەش بىر تۇققانلىقى، خەلقنىڭ ناخشىدىن ئايرىلمىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بىز شائىرنىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە شېئىرلىرىدىن «ئازاتلىق مەشئىلى»، «لېنىن بايرىقى» ۋە «گۈللەر تۈتمەس يېڭى دۇنياغا» قاتارلىقلارنى كۆزدىن كەچۈرەيلى، (شېئىرلارنى توپلامدىن ئوقۇشقا قالدۇردۇق).

بۇ قاتارلىق شېئىرلار ھەققىدە شۇنى ئېيتىشقا بولىدۇكى، شېئىرىيەتنىڭ شەكلى پەقەت ئۇنىڭ تېخنىكىلىق تەرىپىنىلا كۆرسەتمەيدۇ. بەلكى تىل - ئۇستىل. ئوبراز. كومپوزىتسىيە قاتارلىق جەھەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ھەر قانداق بىر ئەسەرنىڭ ئاممىۋىلىقى، خەلق ئاممىسىغا سىڭىشلىق ۋە يېقىملىق، ئىستىتىكىلىق تەسىرگە ئىگە بولۇپ كېتىشى ئۈچۈن ئۇنىڭدا مىللىي تۇرمۇش پۇرىقى كۈچلۈك ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشى شەرت. يىلتىزسىز دەرەخ كۆكلىيەلمىگەندەك، ھەقىقى مىللىيلىككە ئىگە بولالمىغان ھەر قانداق ئەسەرمۇ، ھېچ ۋاقىتتا خەلقنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولالمايدۇ. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ت. ئالماسنىڭ ئىجادىي مول تۇرمۇش مەزمۇنىغا ۋە مىللىي پۇراق ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇ كىتابخانلار نەزىرىدە ھەرۋاقىت ۋە ھەرماكان قىزغىن ئالقىشلىنىپ كەلمەكتە.

شائىر ت. ئالماسنىڭ بۇ خىل ماھارىتى بىر - ئىككى يىلدىلا ۋايىغا يەتكەن ئەمەس، بەلكى ئۇزاق ۋاقىت تۇرمۇشقا چۆكۈش، ئۆگىنىش، تاللاش ۋە ئىپادىلەش جەھەتلەردە سانسىز قېتىملاپ يېزىش، ئۆزگەرتىش جەريانلىرىنى باشتىن كۆچۈرگەن، ئاپتور ناھايىتى ياش ۋاقىتلىرىدىنلا ماكسىم گوركى ۋە دىميان بېدىنى قاتارلىق مەشھۇر يازغۇچىلارنى ئۆگەنگەنلىكىنى ئېيتىدۇ. شائىر كېيىنكى ۋاقىتلاردا سۆيۈملۈك ساۋاقدىشى ۋە دوستى لۇتپۇللادىن ۋاقىتسىز ئايرىلغاندىن كېيىن شېئىر ئارقىلىق ئۆز دوستىنىڭ ئۈمىدىنى ۋە ئۇنىڭ ئىشىنى ۋە ئىنقىلاۋى غايىسىنى ئۆز بۇرچى ھىساپلاپ بۇ ساھەگە ھەسسىلەپ مۇھەببەت باغلىغان. شېئىرنى كۈرەش قورالى قىلىپ مىللەت ۋە خەلق ئۈچۈن شان - شەرەپ يارىتىشنى مەقسەت قىلغان، بىر قېتىملىق سۆھبەتتە ئۇ مۇنداق دىدى:

« شېئىر - ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ تارىخىدا ئەڭ دەسلەپكى ۋە ئەڭ تۈپكى ئەدەبىي شەكىلدىن ئىبارەت. ئۇ ئىجتىمائىي ھاياتنى ئەڭ مەركەزلىك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان شەكىل. شېئىرمۇ ئەدەبىياتنىڭ باشقا شەكىللىرىگە ئوخشاش رېياللىقنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى، دۇنيانى چۈشەندۈرگۈچى ۋە ئۆزگەرتكۈچى بىر خىل قورالدۇر. لېكىن

ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى: سۆزى ئىخچام، ئازسۆز بىلەن كۆپ مەنانى بىلدۈردىغان. چۇڭقۇر ھىسسىيات، يۈكسەك غايىلىك بولۇشقا تېگىشلىك. مىلادى 6 - ئەسىردىلا بىزنىڭ ئەجداتلىرىمىزدىن قۇغۇرسۇر ئالتۇن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىدا «تورا قوشىغى» دىگەن شېئىرنى يېزىپ بۇجەھەتتە نام قالدۇرغان. بىزنىڭ مىللىتىمىز شېئىر ئارقىلىق دۇنياغا تونۇلغان، مەدىنىيەتنىڭ يۇقۇرى چوققىسىغا چىققان. « قۇتادغۇبىلىك » داستانى بۇ سۆزىمىزنىڭ يەنە بىر ئىسپاتى... »شائىر ت. ئالماس شائىر بولۇش ئۈچۈن پەلسەپە، تارىخ، جۇغراپىيە، ئېتنوگراپىيەۋە باشقا ئىلىم - پەنلەرنى ۋە چەت تىللارنىمۇ پۇختا ئۆگىنىش لازىملىغىنى ئېيتىدۇ، بۇجەھەتتە شائىر ئۆزىنەمۇنە كۆرسەتتى. «قەدىمقى قوشاقلار »، «ھون تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بۇ سۆزىمىزنىڭ شاھىدىدۇر.

بەدىئى ئەدەبىياتتا ھەربىر سۆزنىڭ قاراتمىلىغى كۈچلۈك بولۇشى ۋە ئۇنىڭدا ئىستىلىستىك ۋاستىلارنىڭ پوئېتىك مەزمۇننى چۇڭقۇر ئىپادىلەشتە مۇھىم رول ئوينايدىغانلىغى بىزگە مەلۇم. « تۇن » قاراڭغۇ ئۆتمۈش زامانغا، قەپەز — تۈرمە - زىندانغا. « تاڭ » ئازاتلىققا، بۈركۈت - جەڭچىگە. « قىزىلتۇغ » مۇنتىزىم قوشۇنغا، « تىيانشان » چېگرا رايونغا، « بادام دوپپا » ئۇيغۇر خەلقىگە ۋەكىللىك قىلىدىغانلىغى ئاددى بىر ساۋات، ت. ئالماسنىڭ ئەسەرلىرىدە مۇنداق سىمۋوللۇق ئوخشىتىشلار كۆپ ئۇچرايدۇ.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك تېمىسىدا بىر قاتارمۇنەۋۋەر شېئىرلار يېزىلدى «ۋەتەن ھەققىدە غەزەل» ( ت.ئېلىيوفنىڭ )، « ئانامغا » (م. سادىقنىڭ) ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە چۆچەك» (ئۆتكۈرنىڭ)، « يۇلتۇزلار يۇرتى( ئارسلاننىڭ) بۇئەسەرلەردە ۋەتەنپەرۋەرلىك بەزىدە ئوچۇق ،بەزىدە يېپىق ھالدا ئىپادىلەنگەن.ۋەتەننى سۆيۈش بىلەن ئۆز ئانىسىنى، يۇرتنى، خەلق ۋەپارتىيىنى سۆيۈش،بىر مەسىلىنىڭ كۆپ قىرلىق تەرەپلىرى، ئەلۋەتتە بۇ تېمىنى ھەربىر كىشى ئەينى زاماندا شۇ ماكان، شۇ زامان بىلەن باغلاپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېھتىياجى ۋەغايىسى ( مەقسەت ) يولىدىكى كۈرەشلىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا ئۆز پىكرىنى. ئىرادە، ۋىجدانىنى نامايەن قىلىدۇ.

شائىر ت. ئالماس ئازاتلىقتىن ئىلگىرى يازغان بىر قىسىم شېئىرلىرىدا بۇ تېمىنى بىر قەدەر گەۋدىلەندۈردى. ئۇنىڭ شۇ دەۋرلەردىكى شېئىرلىرىنى شۇ دەۋر روھىنى ئىپادىلەپ بەرگۈچى ئەينەك دىيىشكىمۇ بۇلىدۇ. شائىرنىڭ ئىجادىيىتى 1949 - يىلىدىن كېيىن تېخىمۇ جۇش ئۇرۇپ زور دەرىجىدە ئىلگىرىلىدى، يېڭى دەۋر، ئازات زامان شائىرغا يېڭىچە جاسارەت ۋە ماھارەت بېغىشلىدى، « قەشقەر » ( 51 - يىل ئېلان قىلىنغان ) « يىراقتىكى دوستلارغا سالام »، « ئىككى خەت »، « گۈللەر ئۆتمىز يېڭى دۇنياغا» قاتارلىق شېئىرلىرىنى ماھارەت بىلەن يېزىلغان ئەينى دەۋر

ئۇيغۇر شېئرىيىتىدىكى نەمۇنىلەر دېيىشكە بولىدۇ، بۇلاردا شائىرىمىز ئۇيغۇر مىللى شېئرىيىتىنىڭ ئۇسلۇپ ۋە تۈرلۈك ئىستىلىستىك ۋاستىلارنى ئۇستىلىق بىلەن قوللانغان. ئاپتور پۈتۈن ئەقىل -ئىدرىكىنى ئۆز خەلقىنىڭ غايىسىنى بەدىئىي ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەپ بېرىشكە بېغىشلىغان. ئۇنىڭ قەلبى خەلقىنىڭ قەلبىدەك ساپ ۋە سەممىي ئىدى. دەۋر روھى بىلەن تولۇپ تاشقان ئىدى.

60 - يىلىنىڭ كىرىشى بىلەن ت. ئالماس شېئرىيەت بويىچە «لەيلىگۈل» ۋە « قىز ۋە شامال » قاتارلىق داستانلارنى يېزىپ ئېلان قىلدى. بۇ قاتارلىق ئىپىك ئەسەرلەردە شائىرنىڭ ۋەتەن خەلقىگە بولغان مۇھەببىتى تېخىمۇ يۇقۇرى بەدىئىي ۋاستىلار بىلەن ئىپادىلەنگەن.

بەگزادە ئۆيىدە تۇتقۇن تومۇچۇق،
كۆكسىنى قەپەزگە ئۇرۇپ بولدى قان.
لەيلىنىڭ تەقدىرى شۇ قۇشقا ئوخشاش،
كىم يەتتى هالىغا، ئاگا بېسىپ يان؟!

خورلۇقنىڭ تاغلىرى قىزنى باسقاندا ،
قالمىدى قەلبىدە قىلىچىلىك تاقەت.
ئەركىن قۇش ئۇچقاندەك يېشىل ئورمانغا ،
قاچماقچى بولدى ئۇ ئىزدەپ سائادەت.

(«لەيلىگۈل» دىن)

يۇقۇرىدىكى ئىككى كوپلېت شېئىرنى شائىرنىڭ ئوخشىتىشلارغا، مەجازى ۋاستىلارغا باي، ئۆزىگە خاس پىكورىغا ئىگە ئىكەنلىكىنىلا كۆزدە تۇتۇپ كۆرسەتتۇق. بۇ داستاننىڭ سيۇژېت ۋە كومپازىتسىيىدىكى ئىخچاملىقى ۋە مەزمۇن بىلەن شەكىل مەسىلىلىرى ئۈستىدە توختالمىدۇق، ئۇنىڭ «ساي بۇلاقلىرى»، «بۇران يىغلايدۇ» (61 - يىل) شېئىرلىرىدا گۈزەللىك بىلەن جەڭگىۋارلىق تۇيغۇسى جۇشقۇنلاپ تۇرىدۇ. گەرچە ئۇ يىللاردىكى تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن ئېلىمىزدە ئۇدا بىرنەچچە يىل قىيىنچىلىق چاياندەك چاڭگال سېلىپ تۇرغان بولسىمۇ، كومپارتىيە رەھبەرلىكىدە خەلقىمىزنىڭ مۇشەققەت تاغلىرىنى كۇكۇم تالقان قىلىپ غەيرىتىگە مىنگەنلىكى بۇ شېئىرلاردا نامايەن قىلىنغان. شۇڭا، بۇ شېئىرلارنى كۈچلۈك دەۋر روھىغا ئىگە، ئوقۇلۇشى بىلەنلا شۇ دەۋر هالىتىنى كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا قىلىدۇ دېيىشكە بولىدۇ. شائىرنىڭ رېيالىستىك ئىجا-

دىيەت مىتودىغا ئىگە تالانتىنى ئىپادىلەپ تۇرىدۇ. بۇ شېئىرلار ئۆلمەس شېئىرلاردۇر.

ت ئالماس ئۆز ئىجادىيي پائالىيىتىنى يالغۇز شېئىرىيەت بىلەنلا باغلاپ قويغىنى يوق، پىروزا، دىراماتورگىيە ساھەسىدىمۇ ئۆز تالانتىنى سىناپ باقتى، كوللېكتىپلاشتۇرۇش ھەركىتىگە بېغىشلانغان «قىزىل بايراق» ناملىق ھېكايىسىدە سىيىت ۋە لەيلىدىن ئىبارەت كوللېكتىپلەشتۇرۇشنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ماڭغان يېزا ياشلىرىنىڭ ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ كەڭ كىتابخانلارنىڭ ئالقىشىغا ئىگە بولدى. بۇ ئەسەر 1955 - يىلى شىنجاڭدا تۇنجى قېتىم ئۆتكۈزۈلگەن ھېكايە مۇسابىقىسىدە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشتى. بۇ ئەسەر ئارقىلىق ئاپتور ئەينى زاماننىڭ دەۋر ئېقىمىنى يارقىن ئوبرازلار بىلەن كۆرسىتىپ بەردى. ئەينى يىللاردا بۇ ئەسەر خەنزۇ، ئىنگلىز، رۇس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ دۇنيا جامائەتچىلىكى بىلەن يۈز كۆرۈشتى. تۇرغۇن ئالماس ئۇيغۇر مېھنەتكەشلىرىنىڭ جاھالەتلىك ئۆتمۈشتە فېئوداللار، بايلار قوشلاپ سالغان زۇلۇم ئاستىدىكى پاجىئەلىك ھاياتى ۋە ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ زۇلۇمغا قارشى كۆتىرىلگەن ئىنقىلاۋى ھەركەتكە قاتنىشىپ، ئۆز ئەركىنلىكى ئۈچۈن جان پىدا قىلغانلىقىنى تەسۋىرلەيدىغان «قەشقەر ھەققىدە قىسسە» ناملىق رومان يازغان. ئەپسۇسكى بۇ رومان «مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى» دا مۇسادىرە قىلىنىپ ئاخىرى يوقۇلۇپ كەتكەن.

تۇرغۇن ئالماسنىڭ ئىجادىيىتىدە ئاساسلىق ژانىر شېئىرىيەت بولۇپ، ئۇ ئۆزىگە خاس شېئىرى ئۇسلۇپ ياراتقان. ئۇنىڭ شېئىرلىرى مەزمۇن جەھەتتىن خىلمۇ - خىل بولۇپ، شېئىرى ئۇسلۇبىنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى؛ لېرىك ۋە ئېپىك خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇپ تۇرۇشى، شېئىرى تىلىنىڭ يارقىن ھەم ئوبرازلىق ئوخشىتىشلارغا باي، مىللى تۇرمۇش پۇرىقى قويۇق بولۇشى - ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى بىر خىل مەردانە كەيپىياتقا ئىگە قىلغان. بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئېيتقاندا، تۇرغۇن ئالماس لېرىك شائىر. ئۇنىڭ «تارىم شاماللىرى»، «تاڭ سەھەر» ناملىق شېئىر توپلاملىرىغا كىرگۈزۈلگەن ئەسەرلىرىنى كۆزدىن كۆچۈرسەك خۇددى بىر چوڭ رەڭلىك ئەلبومنى ۋاراقلىغاندەك بولىمىز.

تۇرغۇن ئالماس ھازىرغىچە ئىككى يۈز پارچىغا يېقىن شېئىر، ئۈچ داستان، ئىككى ھېكايە بىر دىراما، بىر رومان يازدى.

شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىش لازىمكى، تۆت كىشىلىك گۇرۇھ يوقىتىلىپ، ئىلىم - پەن، ئەدەبىياتنىڭ گۈللەپ ياشنىشىغا كەڭتاشا ئىمكانىيەت يارىتىلغاندىن كېيىن شائىر تۇرغۇن ئالماس سالامەتلىكىنىڭ يامانلىقىغا قارىماي. «ئوغلۇمغا مەسلىھەت» «ئىنسان خىسلىتى ھەققىدە ناخشا» قاتارلىق مەنتىقى مەزمۇنغا ئىگە شېئىرلارنى

يازغاندىن تاشقىرى ئۇيغۇر تارىخشۇناسلىق، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى قاتارلىق ساھەلەرگە قول سېلىپ، «ھۇنلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «ئۇيغۇر خاقانلىغى»، «قاراخانىلار ئۇيغۇلارنىڭ تارىخى كېلىپ چىقىشى»، «قەدىمقى چاغدىكى قوشاقلار ھەققىدە»، «ئەپسانە ۋە راۋايەت»، «ئوغۇزنامە ھەققىدە»، سانپى ئەپسانىلىرى»، «شاھنامە ھەققىدە»، «قۇتادغۇبىلىك دىكى ھەربى دىيالېكتىكا توغرىسىدا»، «شېئىر ۋەشائىر ھەققىدە» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ، تارىخ ۋە ئەدەبىيات تەتقىقاتى ساھەسىدە مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتتى.

تۇرغۇن ئالماس ئازاتلىقتىن كېيىن ئەدەبى ئىجادىيەت ئارقىلىق جامائەتچىلىكنىڭ ھۆرمىتىگە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى بەزىبىر خەلقارا پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش پۇرسىتىگىمۇ ئىگە بولغان. ئۇ 1957-يىلى ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ 40-يىللىغىنى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىش ئۈچۈن موسكۋاغا بارىدىغان جۇڭگو يازغۇچىلار دېلىگاتسىيىسىنىڭ تەركىۋىدە شۇ يىلى 8-ئايدا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا بېرىپ، بىرنەچچە ئاي ئېكىسكورسىيە ۋە زىيارەتتە بولدى. ئۇ 1958-يىلىنىڭ بېشىدا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، «دوستلۇق ھەققىدە ناخشا» ناملىق بىر تۈركۈم شېئىرلىرىنى ئېلان قىلدى. بۇ شېئىرلاردا شائىرنىڭ ئۆزىگە خاس ئىستىلى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ، تىلىدىن ياڭراق ئاۋازى جاراڭلايدۇ.

تۇرغۇن ئالماس ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئەدەبى تىلىمىزنىڭ قېلىپلىشىشىدا بەلگىلىك رول ئوينىدى. قەدىمقىنى ھازىرقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ۋە كىلاسسىكلارغا ۋارىسلىق قىلىش جەھەتتىكى تىرىشچانلىقلىرىنى ياشلار ئۆگىنىشكە ئەرزىيدۇ. تۆت كىشىلىك گۇروھنىڭ دەھشەتلىك زىيانكەشلىگىگە ئۇچرىغان شائىر پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزى كومىتېت 3-ئومۇمى يىغىنىدىن كېيىن ياشلىق باھارىنى ئۇرغۇتۇپ، ۋەتەن ئۈچۈن شان-شەرەپ كەلتۈرۈشكە بەل باغلىدى.

تۇرغۇن ئالماس شىنجاڭ ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ تەكلىپ قىلىنغان تەتقىقاتچىسى.

تۇرغۇن ئالماس ھازىر «بورانلىق يىللار» ناملىق بىر تارىخى رومان يازماقتا.

شائىر تۇرغۇن ئالماس ئىجادىنىڭ 40 يىللىغى مۇناسىۋىتى بىلەن يېزىلغان بۇ يۈزەكى ئىزدىنىش خېلىلا چولتا، شائىرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسىم ئەسەرلىرى ئۈستىدە تەپسىلى توختاشقا ئۈلگۈرمىدىم، كېيىنكى نۆۋەتتە تەپسىلى توختالماقچى. مەن تالانتلىق شائىر ۋە يازغۇچى ت. ئالماسقا مۇۋەپپەقىيەتلەر تىلەيمەن.

# تالانتلىق شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ۋە يېڭى دېموكراتىزملىق ئىدىيە توغرىسىدا

مەمەت شانىياز

تالانتلىق شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى كۆرۈنەرلىك نامايەندە. 20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدىكى شېئىرىيەت ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇز. ئەنە شۇ مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ شانلىق غۇرۇرى ۋە ئىپتىخارى.

تالانتلىق شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 20 - يىللار ۋە 30 - يىللارنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدا مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇم مىسلى كۆرۈلمىگەن ھالدا كۈچىيىپ، مۇستەبىتلىك، زۇلۇم، زورلۇق ۋە جاھالەتنىڭ چىرىك قارا پەردىسى ھەممە يەرنى قاپلىغان قاششاق زاماندا شېئىرنى جەڭگىۋار قورال قىلىپ ئەكسىيەتچى زالىم ئەمەلدارلارنىڭ، جاھىل روھانىيلارنىڭ چىرىك ئەپتى - بەشىرىسىنى شەپقەتسىز پاش قىلىپ، بارلىق كونىلىق، مۇتەئەسسىپلىك، خۇراپىي - نادانلىق، دىنىي تەقدىرچىلىك ۋە مەنىۋى زەئىپلىكلەرنى قامچىلاپ خەلقنى ئويغاتقان ۋە دۈشمەنگە قاتتىق زەربە بەرگەن قەھرىمان جەڭچى، ئازاتلىق، ئەركىنلىكنىڭ ئوت يۈرەك كۈيچىسى. ئۇ ئۆز ئىجادىي ئەمگىكى بىلەن ئۇيغۇر يېڭى زامان ئەدەبىياتىغا ئاساس سالدى. يېڭى مەزمۇن، جۇشقۇن جەڭگىۋار روھنى ئىپادىلەپ خەلققە يېقىن، جانلىق، يېڭى شەكىل قوللىنىپ، ئۆزگىچە ئۇسلۇپ ياراتتى. ئۇ يېڭى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش سەۋىيىسىنى يېڭى بىر پەللىگە كۆتەردى.

ۋ. ئى. لېنىن مۇنداق كۆرسەتكەن ئىدى: «ھەر بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىدە گەرچە تەرەققىي تاپمىغان بولسىمۇ، بەزى دېموكراتىزملىق ۋە سوتسىيالى-

زىملىق تەركىپلەر بولىدۇ. چۈنكى مىللەتلەرنىڭ ھەر قانداقىدا ئەمگەكچى ئاممۇ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى ئاممۇ بولىدۇ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شەرت - شارائىتى مۇقەررەر ھالدا دېموكراتىك ۋە سوتسىيالىستىك ئىدىيە سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ» ① ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىجادى ئەمگىكىدىن شۇ نۇقتا ناھايىتى روشەنكى، ئۇنىڭ چوڭقۇر ئىدىيىۋىيلىكىدە، باي مەزمۇنغا ئىگە پاساھەتلىك شېئىرلىرىدا كۈچلۈك ئىنقىلاۋى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ۋە ئىلغار دېموكراتىك غايىلارنىڭ نۇرى چاقناپ تۇرۇدۇ. بۇ ئىدىيىلەر ئۇنىڭ ئۆسۈپ يېتىلگەن، ياشاپ ئىجات قىلغان تۇرمۇش شەرت - شارائىتى ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شىنجاڭدا مىللى ۋە سىنىپى زۇلۇم كۈچىيىپ فېئودال خاندانلىق تۈزۈمى ھالاكەتكە يۈزلەنگەن يىللاردا تۇغۇلدى، ئۇ مىللىتارىست ياڭزېڭشىنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتى تىكلەنگەن ئاپەتلىك يىللاردا ئۆستى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تۇرپان يېڭى شەھەردە سودىگەر ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئۇنىڭ دادىسى مىجىت ھاجى، ئاتىسى ئابدىراخمان مەخسۇملار ئۆز زامانىسىدىكى مەرىپەتپەرۋەر كىشىلەردىن ئىدى. كەلگۈسى شائىر دادىسى مىجىت ھاجىنىڭ تەربىيىسىدە ئۆستى، ئۇنى دادىسى مىجىت ھاجى بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ خۇسۇسى ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ ئوقۇتتى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر پايدىلىق پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ ئىلىم - مەرىپەتنى تىرىشىپ ئۆگەندى. ئۇ تۇرپاندا دىنى مەكتەپ، پەننى مەكتەپ، خەنزۇچە مەكتەپ (شوتاڭ) لاردا ئوقۇپلا قالماي ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىدىن ئىلگىرى روسسىيىنىڭ شەمەي (سىمپالاتىنسكى) شەھرىدە بىر يېرىم يىل تۇرۇپ رۇسچە ئۆگەنگەن، ئۆكتەبىر ئىنقىلاۋىنىڭ غەلبىسىدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ موسكۋا شەھرىدە ئوقۇغان.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بالىلىق ۋە ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىلا مىللى ۋە سىنىپى زۇلۇمدىن ئىبارەت قوش تاغ ئاستىدا يانچىلىپ قاتتىق ئېزىلگەن جاپاكەش خەلقنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى، زالىم ئەمەلدارلارنىڭ ئەيشى - ئىشرەتلىك چىرىك تۇرمۇشىدىن، ئۇلارنىڭ زالىملىقى ۋە ئاچكۆزلىكىدىن قاتتىق يىرگىنىپ نەپرەتلەندى. جەمىيەتتىكى تەڭسىزلىك، قاششاقلىق ۋە ئادالەتسىزلىك چېكىگە يەتكەن تۇرمۇش رېئاللىقى كەلگۈسى شائىردا فېئوداللىق ئىجتىمائى تۈزۈم ۋە كونا ئىجتىمائى تەرتىپلەرگە نىسبەتەن قاتتىق نەپرەت ۋە

① «مىللى مەسىلە توغرىسىدىكى تەنقىدى پىكىرلەر»، «لېنىن ئەسەرلىرى» 20 - توم، خەنزۇچە نەشرى 6 - بەت.

ئۆچمەنلىك تۇيغۇسىنى ئويغاتتى. ئىزىلگەن ئەمگەكچى خەلققە كۆچلۈك مۇھەببەت ھېسسىياتىنى پەيدا قىلدى.

شائىرنىڭ بالىلىق دەۋرىدە سۈك جۈگسەن رەھبەرلىگىدىكى بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلاۋى ئىككى مىڭ يىلدىن بۇيان داۋاملىشىپ كەلگەن فېئودال خاندانلىق تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلىدى، ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن تۇرپاندا 1912 - يىلى ئىزىلگەن دېخانلارنىڭ ئەمەت تاماق باشچىلىغىدىكى قوراللىق قوزغىلىڭى، 1913 - يىلى قۇمۇل دېخانلىرىنىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە قارشى تۆمۈر خەلپە باشچىلىغىدىكى قوراللىق قوزغىلاڭلىرى بولدى. ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ ئىنقىلاۋى كۆرەشلەرنى كۆردى. ياكى ئاڭلىدى. بۇ ئۇنىڭ ئىلغار دۇنيا قارىشىنىڭ شەكىللىنىشىگە مۇھىم تەسىر كۆرسەتتى. ئەينى زاماندا ئابدۇخالىق ئۇيغۇر سۈك جۈگسەننىڭ سەنمىنجۇيىسىنى ئۆگەندى ۋە تەتقىق قىلدى. ئۇ سۈك جۈگسەننىڭ تەرجىمھالى ۋە ئىنقىلاۋى پائالىيەتلىرىنى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ سەپداشلىرىغا تونۇشتۇردى. 1930 - يىللارنىڭ باشلىرىدا تۇرپان دېخانلىرىنىڭ ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتكە قارشى قوراللىق قوزغىلىڭىنى تەييارلاش، ئويۇشتۇرۇش ئىشلىرىدا تەشۋىقات، تەرغىباتچىلىق رول ئويناپلا قالماي، بەلكى قوزغىلاڭنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى سۈپىتىدە خەلقنى دۈشمەنگە قارشى كۆرەشكە يېتەكلىدى. ئۇ قوزغىلاڭ داۋامىدا دېخانلارنىڭ زۇلۇمغا قارشى كۆرەشتىكى ئاجايىپ قەھرىمانلىق جاسارىتىدىن كۈچلۈك ئىلھام ئالدى، بۇ ھال شائىردا ئىلغار غايە، سۈنماس ئىرادە يېتىلدۈرۈپ ئۇنىڭدا جۇشقۇن ئىنتىلىشلەرنى پەيدا قىلدى. شائىرنىڭ شېئىرىي ئىجادىيىتى مانا شۇنداق ئىنقىلاۋى ئىنتىلىشلەر زېمىنىدە راۋاج تاپتى.

ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ پۈتۈن ئىجادىيىتىگە نەزەر سېلىپ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى مۇھاكىمە قىلغىنىمىزدا ئىنقىلاۋى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بىلەن يېڭى دېموكراتىزىملىق ئىنقىلاۋى ئىدىيىنىڭ ئۇنىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرىگە سىڭگەنلىگىنى روشەن كۆرۈپ ئالالايمىز.

ئىنقىلاۋى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ بىلەن يېڭى دېموكراتىزىملىق ئىدىيە شائىر ئىجادىيىتىنىڭ 10 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ 1925 - يىلغىچە بولغان دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئەسەرلەردە ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى، ئىلغارلىق، يېڭىلىقنى تەرغىپ قىلىش، ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلىشنى تەشەببۇس قىلىشتەك مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيە ئۇنىڭ شېئىرلىرىدا مەركىزى ئورۇننى ئىگەللىدى، شائىر بۇ دەۋردە يازغان «ئىستىمەس»، «ئويغان» «باردۇر»، «ھار» قاتارلىق بىر مۇنچە شېئىرلىرىدا جەمئىيەتتىكى كونىلىق، مۇتەئەسسىپلىك، خۇراپىي - نادانلىق، يامان

ئەخلاق، ناچار ئىللەتلەرنى قاتتىق پاش قىلىپ، خەلقنى ئىلىم - پەن ئۆگىنىپ، يېڭىلىققا، ئىلغارلىققا يۈزلىنىپ ئەلنى دۇنيادىكى ئىلغار، ئالغا كەتكەن مىللەتلەر ۋە خەلقلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىردى.

شائىرنىڭ «باردۇر» ناملىق مەشھۇر شېئىرى ئۇنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيسىگە ئەڭ ياخشى ۋەكىللىك قىلىدىغان ئەسەرلىرىنىڭ بىرىدۇر، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، 1921 - يىلى بېيجىڭدا مىللىتارىسلارنىڭ قورچاق ھۆكۈمىتى بىر قۇرۇلتاي ئاچماقچى بولىدۇ، بۇ مەجلىسكە شىنجاڭدىن ئاز سانلىق مىللەتلەردىن، ۋەكىل سايلىماقچى بولىدۇ. تۇرپاندىن خەلق ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنى ۋەكىللىككە سايلاپ بېرىدۇ. ئەمەلپەرەس، ھەسەتخور، مۇتەئەسسىپ بايلار بۇنىڭغا چىدىماي ئۇرۇمچىگە ئادەم ئەۋەتىپ ياڭزىڭشىڭغا بىر مۇنچە پار، بېرىپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ ئۇنى ۋەكىللىكتىن قالدۇرۇۋېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئاقىۋەت ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋەكىللىكتىن قالىدۇ، ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي شائىر «باردۇر» شېئىرىنى يېزىپ چىققان.

شائىر بۇ شېئىرىدا مىللەتنىڭ ئالغا بېسىپ، يېڭى بىر تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈشىگە توسقۇن بولىۋاتقان فېئودال كونىلىق، مۇتەئەسسىپلىك ئىدىيسىگە زەربە بېرىپ، ئىكسپىلاتاتور سىنىپلارنىڭ ھەمدە ئۇلار تەرىپىدىن خەلق تۇرمۇشىغا سىڭدۈرۈلگەن يامان ئادەت، خۇراپى نادانلىق، چىرىك ئەخلاقىي ھادىسىلەرنى قاتتىق سۆكىدۇ:

جاھالەت سەمەرىسىدىن بىزگە بىر كۆن كۆپ جاپا باردۇر،
ئېيتىڭىزچۇ بۇ كۈنكى ھالىمىزنىڭ قايسى بىرىسىدە ساپا باردۇر؟

جاھاننىڭ ھالىدىن ۋاقىپ بولۇپ تۇرماقنىڭ ئورنىغا،
بىرىنى شاگىۋ سايلاپ ئارقىدىن دەۋايىمىز باردۇر.

دوستلۇق ھەم ئىتتىپاقلىق نىشانى قالمىدى بىزدە
يېڭى باشنى كۆتەرگەننى ئۇرۇپ يىقىتقانىمىز باردۇر.

خوشامەت بابىدا بىزدىن بۆلەك ئۈستىسى ھەم كامدۇر،
قۇۋلۇغۇ - شۇملۇق بىلەن رەڭمۇ رەڭ يالغانىمىز باردۇر.

بوۋالار شوھرىتىنى، غەيرىتىنى ھېچ سىغدىنماسمىز،
قىلىپ غەپلەت - جاھالەتتە يۇمۇپ كۆز يۇ ئاتقانىمىز باردۇر.

قىزىل كۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك، ۋە يا ئۆزى قىلالماسلىق،
قىلاي دەپ بەل باغلىغانلارغا تۈرلۈك تۈمەن بۆھتانىمىز باردۇر.

مەشھۇر رۇس ئەدىبى چېرنىشېۋسكىي ئېيتقاندەك، پۇلنىڭ قىممىتى ئالتۇن بىلەن، سەنئەتنىڭ قىممىتى چىنلىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن ئۆلچىنىدۇ. شائىر بۇ شېئىردا شۇ دەۋرىدىكى جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش رېئاللىقىنى چوڭقۇر كۆزىتىپ ئۆز پىكرىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى تىپىكلەشتۈرۈپ بەدىئىي چىنلىقتا كۆتۈرۈپ يۇقۇرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن ئىپادىلىگەنلىكتىن بۇ شېئىر ئۆز زامانىسىنىڭ ئەينىكى بولۇپلا قالماي، يېرىم ئەسىردىن كېيىنمۇ بەدىئىي قىممىتىنى يوقاتمىغان. بىز يۇقۇرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن مىسرالارنى ئوقۇغىنىمىزدا شېئىردا قامچىلانغان بەزىبىر ناچار ئىللەت ۋە ئەخلاقىي ھادىسىلەرنىڭ ھازىرقى رېئال تۇرمۇشىمىزدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغانلىقى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ.

ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلغان ئۇچار كۆكتە، ئۈزار سۇدا.
مىنىشكە قوتۇر ئېشەك يوق پىيادە قالغانىمىز باردۇر.

ئاپتور يۇقۇرقى مىسرالاردا «ئىلىم - پەنگە يۈرۈش قىلغان» ئالغا كەتكەن مىللەتلەرنىڭ كۆكتە ئۇچۇپ، سۇدا ئۈزۈپ ناھايىتى چوڭ تەرەققىياتقا ئېرىشكەنلىكىنى ئوبرازلىق شېئىرى تىل بىلەن تەسۋىرلەپ ئىلىم - پەن، يېڭىلىقتىن بىخەۋەر بولغان خەلقىمىزنىڭ دۇنيانىڭ تەرەققىيات ئېقىمىدا خوپ كېيىن قېلىپ «مىنىشكە قوتۇر ئېشەك يوق، پىيادە قالغان» لىقىدەك ئىنتايىن قالاق ھالىتىگە قاتتىق قايغۇرۇپ ئېچىنغان ھېسياتىنى ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن.

شائىر بۇ شېئىرنىڭ ئاخىرىدا كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتۇپ، خەلقنى «ئەل يۇرتىنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش، ۋەتەنىنىڭ تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىلىم - پەن ئۆگىنىش، مەدەنىي ئاقارتىشنى يولغا قويۇشقا چاقىرىدۇ ھەممە ئەگەر ئۇنداق قىلمىغاندا «ئورنىغا كەلمەس پۇشايمانغا قالىدىغان» لىقىنى ناھايىتى تەبىئىي ۋە ھەقلىق يوسۇندا كۆرسىتىپ بەرگەن. شائىر بۇ شېئىردا ئۆز زامانىسىدىكى شىنجاڭ جەمئىيىتى جىددىي تەققەززا بولىۋاتقان مۇھىم

مەسىلىنى يارقىن شېئىرى پىكىر بىلەن ئوتتۇرىغا قويغان ھەمدە بۇ مەسىلىگە توسقۇن بولىۋاتقان ناچار، قالاق ھادىسىلەر ۋە ئىدىيىلەرنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى چۇۋۇپ، چاۋىسىنى چىقىپ يېيىۋەتكەن. شۇڭا بۇ شېئىر ئۆز دەۋرىنىڭ ئەينىگى ۋە ئۆلمەس ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

شائىر يازغان «ئىستىمەس» ناملىق شېئىرىدا مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى جەمىيەتنىڭ رېئال ئەھۋالى بىلەن ئەمگەكچى خەلقنىڭ كونكرېت تۇرمۇش ھالىتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرگەن.

ئەي نىگار، ھىجرىڭدە كۆڭلۈم ئىنتىلىشنى ئىستىمەس
مەن خىتاپ قىلسام ۋەتەنگە ئىزلىنىشنى ئىستىمەس.

ئوت بولاتتىم، تولغىناتتىم مەن يېنىپ چاقماقسىمان،
ئەل ئېغىر ياتقۇدا بولدى ھەم بىلىشنى ئىستىمەس.

يۇقۇرقى مىسرالاردىن بىز ئەتراپىدىكىلەر غەبلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان بىر چاغدا بالدۇر ئويغانغان، ۋەتەننىڭ تەقدىرىگە قېرىنداشلارنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ «ئوت بولۇپ تولغىنىپ»، «چاقماقسىمان يېنىپ» ئەتراپىدىكىلەرنىڭ تېزراق ئويغىنىشىغا تەققاززا بولىۋاتقان ئوت يۈرەك جەڭچىنىڭ ياڭراق ساداسىنى ئاڭلايمىز.

ئۇ ئۈزۈن، بۇ قىسقا دەپ ھاۋشۇپ يۈرىدۇ بەزىلەر،
ئوغرى تەگسە ئۆيدە مالغا ئىز تېپىشنى ئىستىمەس،

يەپ زەھەر بولدى كېسەل، ئەھۋالىدا كۆپتۇر خەتەر،
مىللىتىم جان چىقىسمۇ داۋالىنىشنى ئىستىمەس.

بۇ مىسرالاردىن بىز شائىرنىڭ ئەينى زاماندا خەلقنىڭ پۇت - قولىنى چۇشەپ تۇرغان، پەرۋاسىز، بىغەم ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان كونىلىق، مۇتەئەسسىپلىك، «مىللەتنى زەھەرلىگەن» خۇراپىي - نادانلىقتىن قاتتىق بىزار بولۇپ، تىت-تىت بولىۋاتقان، خەلقنىڭ تارتىۋاتقان ئازابىغا چىدىماي، بۇ ئازاپتىن خەلقنى قۇتۇلدۇرۇشنىڭ توغرا يولىنى ئىزلەۋاتقان يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەر جەڭچىنىڭ غەزەپلىك ھېسسىياتىنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىز. شائىر بۇ شېئىردا خەلقنىڭ «غېرىپ

بولۇپ، ئىگراپ، ئازاپ تارتىش» تەك ئېچىنىشلىق ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئورنىدىن دەس تۇرۇپ «كۆكتە، دېڭىزدا شۇخ پەرۋاز قىلىپ» ئۈزدۈۋاتقان، ئالغا كەتكەن مىللەتلەردىن ئۆلگە ئېلىپ ئاڭلىق، پائالىيەتچان بولۇپ يېڭىلىق، ئىلغارلىققا ئېنتىلىپ ئىلىم - پەن ئۆگىنىش لازىملىقىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. فېئودالىق زۇلۇم - زورلۇق دەستىدىن ئىگراپ، غېرىپ بولۇپ پەريات چېكىۋاتقان بىچارە خەلقىنىڭ ئۆز ئەھۋالىنى ياخشىلاش كويىدا بولماغانلىقىغا قاتتىق ئېچىنىدۇ. تەقدىرىگە تەن بېرىپ ھەممىگە شۈكرى قانائەت قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈشتەك تەقدىرچىلىك كۆز قارىشىنى سۆكىدۇ، ئەينى زاماندىكى كىشىلەرنىڭ بىخۇتلۇق ۋە ھەممىگە پەرۋاسىز قاراشتەك چۈشكۈن روھى ھالىتىنى «ئۆيگە ئوغرى كىرسىمۇ ئىز تېپىشنى ئىزلىمەس» لىگىدەك تىپىك ۋە ئوبرازلىق پىكىر بىلەن ئومۇملاشتۇرۇپ «كېسەل» گە «داۋا» بولىدىغان ئىلىم - پەن ئۆگىنىپ ئۇنى ئومۇملاشتۇرۇپ يېڭىلىق، ئىلغارلىققا ئىنتىلىشتەك «توغرا يول» (سىراتىلمۇستەقىم) تېپىشنى قىزغىن تەشەببۇس قىلغان.

شائىرنىڭ يۇقۇرقى شېئىرلىرىدا ئىپادىلىگەن مەرىپەتپەرۋەرلىك، ئىلغار دېموكىراتىك ئىدىيىلىرى دەل ئۇ ياشىغان تارىخى دەۋردە جەمىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە خەلق جىددى ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرغان نەرسىلەر ئىدى. شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرۈپ، خەلقنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ، خەلقنىڭ ۋەكىلى، خەلقنىڭ كۈيچىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىپ دەۋرنىڭ ئېھتىياجىنى خەلقنىڭ ئارزۇ ئىنتىلىشلىرىنى سادىقلىق بىلەن ئىپادىلىدى. شائىرنىڭ تالانتىمۇ دەل مانا شۇ نۇقتىدا نامايەن بولدى.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ 1925 - يىلى يازغان «بىر پەلەكنىڭ خەمىگى» ناملىق شېئىرىنى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنىڭ يېڭى باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىنىڭ بەلگىسى دېيىش مۇمكىن. 1925 - يىلدىن باشلاپ تا شائىر ۋاپات بولغىچە بولغان تارىخى مەزگىل ئۇنىڭ ئىجادىيىتى گۈللەپ ھەر جەھەتتىن مول مېۋە بېرىپ ۋايىغا يەتكەن بىر دەۋر بولدى. بۇ باسقۇچتا شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە دېموكراتىك ئىدىيىسى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە زۇلۇم - زورلۇق بىلەن تولغان جىنايەتلىك كونا دۇنياغا ئوت بولۇپ ئېتىلىپ ئەكسىيەتچى مىللىتارىستلار، زالىم ئەمەلدارلارنى غەزەپ بىلەن شەپقەتسىز پاش قىلىپ، فېئودالىق كونا ئىجتىمائى تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ يېڭى ھايات قۇرۇش ئۈچۈن كۆرەشكە چاقىرغۇچى يالقۇنلۇق خىتاپ بولۇپ ئىپادىلەندى. شائىر بۇ دەۋردە ئىجات قىلغان «بىر پەلەكنىڭ خەمىگى»، «غەزەپ ۋە زار»، «ئۈزۈلمەس ئۈمىد» «مۇزلىدى»، «قىزىدى»، قاتارلىق بىر قاتار شېئىرلىرىدا كونا دۇنيانى ۋە فېئودال ئەكسىيەتچى كۈچلەرنىڭ چىرىك ماھىيىتىنى ئېچىپ

تاشلىدى. جان تىكىپ كۈرەش قىلىپ، ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش لازىملىقىنى ئاممىغا يارقىن شېئىرىي پىكىر ۋە بەدىئىي ئوبرازلار ئارقىلىق كۆرسىتىپ بەردى. ئۆز تەقدىرىنى خەلقنىڭ تەقدىرى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرگەن ۋەتەنپەرۋەر شائىر يۇقۇرقى شېئىرلىرىدا خەلقنىڭ ئارزۇ - ئارمىنى، ئىنتىلىشى، جانىجان مەنپەئەتىنى تېخىمۇ يارقىن ۋە چىنلىق بىلەن ئىپادىلىدى. ئۇنىڭ شېئىرى خەلقنىڭ ساداسىغا ۋەكىللىك قىلدى، ئۇنىڭ شېئىرلىرى شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خەلقنىڭ قوزغىلىشى ۋە ئويۇشۇشىدا غايەت زور رول ئوينىدىكى ئۇنىڭ خەلق تەرىپىدىن ئاھاڭغا سېلىنغان بىر مۇنچە شېئىرلىرى ئامما ئىچىدە ناخشا قىلىپ ئوقۇلدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئەركىنلىك ۋە ئازاتلىق غايىسى بىلەن ئىنقىلاۋى قەھرىمانلىق مەدھىيىلەنگەن «ئاچىل» شېئىرى خەلقنىڭ جىن شۇرىن ئەكسىيەتچى ھاكىمىيىتىگە قارشى ئېلىپ بارغان قوراللىق كۈرىشىدە مارش ۋە خىتاپ بولۇپ خىزمەت قىلدى.

شائىرنىڭ 1926 - يىلى يازغان «بىر پەلەكنىڭ خەمىگى» ناملىق شېئىرى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدە ئالاھىدە مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنىڭ بىرىدۇر، بۇ بىر ئېپىك شېئىر بولۇپ بۇنىڭدا بىر دەرتمەن يىگىتنىڭ چىگىش خىياللار ئىلكىدە ئايدىڭ كېچىدە ئاھ ئۇرۇپ ئولتۇرغانلىقى سۈرەتلىنىدۇ. شائىر ئۇ يىگىتنىڭ ئاھ ئۇرۇشلىرىدىن ئۇنىڭ دەرتمەنلىكىنى ھېس قىلىپ ئۇنىڭغا ئىچىنىدۇ ۋە ھەمدەرت بولۇش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورايدۇ، ئۇ يىگىت بولسا ئۆزىنىڭ ۋەھىملىك بىر چۈش كۆرگەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىدۇ. شېئىردا بۇ مۇنداق تەسۋىرلىنىدۇ:

تاڭ سەھەر سۈبھى ئىدى نە بولدى قارا باستىمۇ،
غەلىتە ھايۋاننى كۆردۈم قاۋانمۇ يا ئالۋاستىمۇ؟

مۇپتىلا بوپ مەن چۈشۈمدە قاتتىق باش ئاغرىقىغا،
ئىزدىنىپ تاپالمىدىم بۇ دەردلىدىن ھېچ بىر شىپا.

خىزىر ئىلياسمۇ دېگەيمەن ئاق ساقاللىق بىر بوۋاي:
گۈل ھىدى داۋا، - دېدى، - كۆكلۈك ئەشۇنى خالىغاي...

گۈلنى ئىزدەپ، گۈل - گۈلۈستانغا قاراپ قىلدىم يۈرۈش،
شۇ ئۈمىد دەرتكە داۋا بولغايمۇ دەپ گۈلنى كۆرۈش.

بانۇەن كۆرسە بۇ نىجىسنى بىاقتا يىول قىويماس ئىدى،
ئۆلتۈرەتتى قايىنغان سىۇغا بىسىپ سويماس ئىدى.

ئەلھەزەر ئەيىلەيتمەن ئۇنىڭ قاباھەت تۇرقىدىن،
چۆچۈپ ئويغاندىم شۇئان مەن سەسكىنىبان ئۇيقىدىن.

چۈشىدە كۆرگەن بۇ ئالامەتنىڭ تەكتىگە يېتەلمىگەن دەرتمەن
يىگىت شائىردىن چۈشىگە تەبىر بېرىشنى سورايدۇ. شائىر:

ــ ئەي ئاداش، چۈشۈڭدە كۆرگەن شۇم پەلەكنىڭ تەقدىرى،
ئوڭۈڭدا كۆرگەنلىرىڭنىڭ چۈشىڭدىكى بىر تەمسىلى ـ

دەپ ناھايىتى ئىخچام ۋە مەنىلىك جاۋاپ بېرىدۇ. بۇ شېئىردا تەسۋىرلەنگەن يىر-گىنىشلىك غەلىتە ھايۋان - خۇنسا قاۋان كىم؟ بۇدەل شىنجاڭنىڭ يەرلىك خاقانى بولىۋالغان مۇستەبىت ياڭ زېڭشىڭدۇر. شائىر بۇ شېئىردا فانتازىيىلىك تۇسكە ئىگە بىر ۋەقەنى تەسۋىرلىگەندەك قىلىسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئەينى يىللاردىكى شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائى رىئاللىقىنى، جۈملىدىن ياڭ زېڭشىڭ ۋە ئۇنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىنىڭ خاراكتىر ماھىيىتىنى ئەڭ جانلىق ھەم تىپىك بەدىئى ئوبراز بىلەن تەسۋىرلەپ ئۆتكۈر ھەجۋى قامچىسى بىلەن شەپقەتسىز قامچىلاپ رەھىمسىز پاش قىلغان.

ئىككى دەرتمەن مۇڭدىشىشقا بومۇ پۇرسەت كەلگىنى،
ئەسلىمىز ھەم ۋەسلىمىزدۇر بىر پەلەكنىڭ خەمگى.

بولمىسا ياخشى رەپىق، بولغاي ھامان كۆڭلۈڭ چىېچىق،
ئۇيغۇرا، تۇن ئىلكىدە تاپتىڭ ئۆزۈڭگە بىر سىدىق. ـ

دەپ ئاخىرلاشتۇرغان بۇ شېئىردىن بىز شائىرنىڭ پاك ھىسسىياتىدا مەۋجۇت فېئودال-لىق ئىجتىمائى تۈزۈمگە بولغان قاتتىق نارازىلىقى، ياڭ زېڭشىڭ قاتارلىق بىر ئۇچۇم ئەكسىيەتچىلەرگە بولغان غەزەپ - نەپرىتىنىڭ قاشنى بۇزغان شىددەتلىك كەلكۈندەك قايناپ تېشىۋاتقانلىقىنى، يەنى بىر جەھەتتىن بولسا جەمىيەتتە

ئىنقىلاۋى كۆرەشتە ئۆزى بىلەن ھەمنەپەس بولمىغان ئاڭلىق كىشىلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقانلىقىدىن قەلبى شاتلىققا تولۇپ ئىپتىخارلىق تۇيغۇسىغا چۆمۈلگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز .

شائىرنىڭ 1927 - يىلى يازغان «غەيرىتىڭدىن ئايلىناي» ناملىق شېئىرى ئىنقىلاۋى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئۇرغۇپ تۇرغان، ئەركىنلىك ئازاتلىق، دېموكراتىيىگە تەشنا جەڭچىنىڭ خەلق زۇلۇم - زورلۇق ئىسكەنجىسىدە قالغان تەڭسىزلىك بىلەن تولغان جەمئىيەت ئۈستىدىن قىلغان غەزەپلىك پاش قىلىشى، قۇللۇقتا ھايۋان كەبى ئىزىلىپ خورلانغان خەلقنى ئەركىنلىك ۋە ئازاتلىقنى قولغا كەلتۈرۈشكە چاقىرغان ياڭراق چاقىرىق، جەڭگىۋار خىتابنامىدۇر. بىز شېئىردىن:

ھەممىنى قولۇم قىلسا،
ھايۋاندەك زۇلۇم قىلسا.
دەپسەندە كۆكۈم قىلسا،
ۋىجدان قانداق چىدىغاي؟

دەرت ئۈستىگە دەرت كەلدى،
كەلگەندىمۇ زەپ كەلدى.
زەرداپ توشتى يۈرەككە،
بۇ جان قانداق چىدىغاي!

دىگەن مىسرالارنى ئوقىغىنىمىزدا زالىم ياڭزىڭشىڭنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا زەررىچە دېموكراتىك ھوقۇقى بولمىغان، ئەركىنلىكى پۈتۈنلەي تارتىۋېلىنىپ مەھكۇم قۇللارغا ئايلاندۇرۇلغان جاپاكەش خەلقنىڭ ئازاپ ئوقۇبەتلىك تەقدىرىگە قاتتىق ئېچىنغان ئەلەملىك نىداۋە كۈچلۈك غەزەپلىك ھىسسىياتىنى چوڭقۇر ھىس قىلىمىز، شېئىر خەلقنى ئەركىنلىك، ئازاتلىق دۈشمەنلىرىگە قارشى قەھرىمانە غەيرەت - جاسارەت بىلەن كۈرەشكە ئاتلىنىشقا چاقىرغان يالقۇنلۇق خىتاپ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ:

غېمىمىزنى يەيلى بىز،
نىمە دىسەك دەيلى بىز.
قول قوشتۇرۇپ «لەببەي» دەپ،
نە قىلسا قاراپ تۇرماي.

شائىرنىڭ يۇقۇرقى تېمىدىكى يەنە بىر داڭلىق شېئىرى «يەجۇجى - مەجۇجى» شېئىرى 1928 - يىلى 1 - ئايدا رادىكال گۆەنلياۋ فەن ياۋنەن سىياسى ئۆزگىرىش قوزغاپ ياڭ زىڭشىڭنى بىر قېتىمقى زىياپەتتە ئېتىپ ئۆلتۈرگەندىن كېيىن يېزىلغان. شائىر بۇ شېئىرىدا شىڭخەي ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبە مېۋىلىرىنى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋېلىپ شىنجاڭنىڭ يەرلىك خاقانى بولىۋالغان مىللەتارىست ياڭ زىڭشىڭنىڭ مۇستەبىت ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىغىنى، ئۇنىڭ زالىم، ئاچكۆز، قارا نىيەت، خۇددى ۋەھشى قاۋانغا ئوخشاش ياۋۇز ئەپتى - بەشىرىسىنى چۇۋۇپ، چاۋىسىنى چىقا يېيىپ ئۇنىڭ قەبىھ ۋاستىلىق سىياسىتى ۋە خەلققە سالغان چېكىدىن ئاشقان زۇلمىنى كىشىدە كونكىرىت تۇيغۇ پەيدا قىلىدىغان تىپىك شېئىرى ئوبراز ۋە كارتىنىلاردا ئومۇملاشتۇرۇپ شەپقەتسىز پاش قىلغان. ياڭ زىڭشىڭ شىڭخەي ئىنقىلاۋىنىڭ ئالدى - كەينىدە دېخانلار قوزغىلاڭلىرىنى باستۇرۇش بىلەن باش كۆتەرگەن. ئىككى قولى ئىسيانچى دېخانلارنىڭ قىزىل قېنى بىلەن بويالغان جاللات ئىدى. شائىر شېئىرىدا بۇنى ئوبرازلاشتۇرۇپ تەسۋىرلىگەن؛ مىللەتارىست ياڭ زىڭشىڭ ۋە ئۇنىڭ زالىم ئەمەلدارلىرى خۇددى «بۆرە پاخلان تاپقاندا يۇگدىمايلا ھاپ ئەتكەن» دەك غالجىرلىق بىلەن شىنجاڭ خەلقىنىڭ قېنىنى شوراپ، شىنجاڭنى خالىغانچە تالان - تاراج قىلدى.

20 - يىللاردا شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتى داۋالغۇشقا باشلىدى، شىنجاڭدىكى ئىجتىمائى زىددىيەتلەر تېخىمۇ كەسكىنلەشتى. خەلقنى شەپقەتسىز باستۇرۇپ شىنجاڭنى بىر مەھەل تىنجىتقان مىللەتارىست ياڭ زىڭشىڭ كۆرەڭلەپ خۇدىنى يوقىتىپ خەلقنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشنى كۈچەيتىپ سىياسى جەھەتتىن باستۇرۇشنى جىددىلەشتۇردى. ئومۇمەن بۇ شېئىرىدا شائىر قاتمۇ - قات جىنايەتكە بوغۇلغان زالىم مىللەتارىست ياڭ زىڭشىڭنىڭ پەن ياۋنەن تەرىپىدىن ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىگىگە خوشاللانغان. ئۇنىڭ جىنايەتلىك تارىخىغا غەزەپ بىلەن لەنەت ۋە نەپرەت ئوقلىرىنى ياغدۇرغان.

بىز بۇ شېئىرنى ئوقىغىنىمىزدا ئۆزىنىڭ جانىجان ئەزىز ئەل-يۇرتىنى قىزغىن سۆيگەن. ئۆز خەلقى ئۈچۈن بارلىغىنى بېغىشلىغان يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەر شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئەينى زاماندا جەمىيەتنىڭ ئوقۇمۇشلۇق تەبىقىسىگە مەنسۇپ بولغان بىر مۇنچە ئادەملەر تېخى ئادەتتىكى ئامبال - لويىلارنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتۈشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتقان بىر چاغدا ئۇ ئاجايىپ مەردانىلىق، چوڭ يۈرەكلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ شىنجاڭنىڭ يەرلىك خاقانى بولغان زالىم مىللەتارىست ياڭ زىڭشىڭنى رەھىمسىز پاش قىلىپ ئۇنى «پاخلاننى يۇگدىماي يۇتىدىغان

رەھىمسىز يەتتە باشلىق يالماۋۇز» غا ئوخشىتىپ ئۆزىنىڭ ئاجايىپ يۈكسەك شائىرانە جاسارىتىنى ئىپادىلىگەنلىكىدىن دىلىمۇ سۆيىنىدۇ.

شائىر ئا. ئۇيغۇرى ئىنقىلاۋى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ۋە ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيىنىڭ شانلىق نۇرى چاقناپ تۇرىدىغان يالقۇنلۇق شېئىرلارنى يېزىپ خەلقنى ئويغىتىپ، ئۇلارنى فېئوداللىق زۇلۇم ۋە جاھالەتكە قارشى كۈرەشكە چاقىرىپلا قالماي، بەلكى قەھرىمانلارچە كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ خەلقنى كۈرەشكە ئۇيۇشتۇرۇپ ئىنقىلاۋى ھەركەتكە رەھبەرلىك قىلدى. ئۇنىڭ ئاجايىپ كۈچلۈك شېئىرلىرى دۈشمەننى قورقۇنچقا سېلىپ خەلقنىڭ كۈرەش روھىغا ئىلھام بەرگەن ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىدىكى ئىنقىلاۋى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ۋە ئىلغار دېموكراتىك ئىدىيەلەرنى تەتقىق قىلىش ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيىتىنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم تېمىلارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنى كەڭ قانات يايدۇرۇش ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئىلىم-پەنگە يۈرۈش قىلىنىۋاتقان ھازىرقى شارائىتتا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

### مۇشۇ ژورنالنىڭ 2 - سانىغا تۈزىتىش

| بەت | قۇر: يۇقۇرى | قۇر: تۆۋەن | بېسىلغىنى | توغرىسى |
|---|---|---|---|---|
| 3 | — | 5 | جاۋىنسەي | خاۋىنسەي |
| 69 | — | 10 | سۈرئەتى | سۈرىتى |
| 75 | — | 7 | توگىمەس | تۈگىمەس ناخشا |
| 85 | 11 | — | ياراشقايۇ | ياراشقايمۇ |
| 107 | 2 | — | قەرد | فەرد |
| 110 | — | 3 | ezis | sizə |

# بەدىئىلىك جەھەتتە چوڭ قەدەم

## — يازغۇچى سەمەت دۇگايلى ئىجادىيىتى توغرىسىدا

ئابدىلىم رېھىم

ياش يازغۇچى سەمەت دۇگايلىنىڭ ھىكايە ئىجادىيىتى 60 - يىللاردا باشلانغان. ھازىرغىچە بولغان ئارىلىقتا بىر قاتار ھىكايە، شېئىر ۋە سەھنە ئەسەرلىرىنى يازدى. بۇ ماقالىدا يازغۇچىنىڭ پىروزا ئىجادىيىتىدىكى بەدىئىلىك مەسىلىلىرى ئۈستىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

مەلۇمكى، ئەدەبىيات — ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مەھسۇلى، دەۋر، جەمئىيەت قانداق بولسا، شۇنىڭغا يارىشا بەدىئىي ئەسەرلەر بارلىققا كېلىدۇ. شۇڭا، قالايمىقانچىلىق يىللاردا ئىجادىيەتكە قەدەم قويغان ئاپتور ئىجادىيىتىنىڭ باشقا ھەممە ساھەلەردىكىگە ئوخشاش، ئەدەبىياتىمىزدىمۇ، ئومۇميۈزلۈك قاتماللىق، ئۇقۇملاشتۇرۇش پاتقىقىغا پېتىپ قېلىش ۋەزىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى، يازغۇچىنىڭ دەسلەپكى ھىكايىلىرىنىڭ توپلىمى بولغان «جۇشقۇن ئېقىم» دىكى ئەسەرلەرنى بۇنىڭغا مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىنلا، ئەدەبىياتىمىز ئۆزى ئېھتىياجلىق بولغان مۇھىتقا ئېرىشتى. بۇ خىل ۋەزىيەت ئاستىدا، يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتى «لايىق تاللاش» ھىكايىسىنى يېزىش بىلەن يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسەتكەن بولسا، ئارقىدىنلا «كىچىك لەقۋا» پوۋېستىنى يېزىپ، يېڭى سەۋىيىدە يەنە بىر بالداق ئۆرلەپ، پوۋېستىن ئىبارەت يىرىك ژانىر ئارقىلىق مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا تىپ يارىتىپ، مەركىزىي ئىدىيىنى ۋەقەلىك، ھەرىكەت ئارقىلىقلا ئىپادىلەشتىن، پېرسوناژنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ئېچىپ بېرىش ئارقىلىق ئىپادىلەشكە تەرەققىي قىلغانلىقىنى كۆرسەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن «تۇمانلىق قىرغاق» ھىكايىسىمۇ شۇ خىلدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلغان ئەسەردۇر.

بىز تۆۋەندە يازغۇچى سەمەت دۇگايلىنىڭ پىروزا ئىجادىيىتىدىكى يېڭى بۇرۇلۇشنىڭ بەلگىسى بولغان «لايىق تاللاش» ھېكايىسى ۋە تۇنجى يىرىك ئەسىرى «كىچىك لەۋۋا» پوۋېستىنىڭ بەدىئىلىكىنى بىرقانچە نۇقتىدىن تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى.

* *　　　* *　　　* *

مەلۇمكى، ئەدەبىيات — تۇرمۇشنى ئوبراز ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەدەبىي ئەسەردىكى ئوبراز پېرسوناژلار، مەنزىرىلەر، سورۇن-كۆرۈنۈشلەرنى، مۇھىتنى... ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. دېمەك، ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدىكى ھەر بىر پېرسوناژ بىر ئوبراز، ھەر بىر سورۇن-كۆرۈنۈش ۋە مۇھىتمۇ بىر ئوبراز ھېساپلىنىدۇ؛ تەبىئەت مەنزىرىسى، سورۇن-كۆرۈنۈش مۇھىتلارنىڭ ئۆز ئارا باغلىنىشىدىن ئورتاق ھاسىل بولغان مۇكەممەل تۇرمۇش مەنزىرىسىمۇ ئوبراز ھېساپلىنىدۇ.

«لايىق تاللاش» ھېكايىسىدا رابىخان ئوبرازى يارىتىلىپ، ئۇنىڭ كۈيئوغۇل تاللىشى ۋە قىزى گۈلنىسانىڭ لايىق تاللىشى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ھېكايە قىلىنىش ئارقىلىق، 3 - ئومۇمىي يىغىندىن بۇيان يېزىلاردا بارلىققا كەلگەن ياخشى ۋەزىيەت مەدھىيىلەنگەن.

بەدىئىي ئوبراز يارىتىشتا «تىپىك شارائىتتىكى تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىش» تەلەپ قىلىنىدۇ. تىپىك شارائىت (ياكى مۇھىت) دېگىنىمىز، «پېرسوناژلارنى ئوراپ تۇرغان ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەركىتىگە تۈرتكە بولغان مۇھىت» تىن ئىبارەت. ھېكايىدا چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى ئوبرازلاشتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن، يازغۇچى رابىخان ئوبرازىنى تىپىك شارائىت ئىچىگە قويۇپ، 70 - يىللاردىكى جاپالىق يېزىنىڭ تەسۋىرى بولغان رابىخاننىڭ ئېڭىدىكى يېزا بىلەن نۆۋەتتىكى تېز يۈكسىلىۋاتقان يېزا قىياپىتىنى سېلىشتۇرغان. بۇ مەقسەت ئۈچۈن يارىتىلغان رابىخان ئوبرازى — قىزى گۈلنىسا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ تەقسىم قىلىنىش ئالدىدا تۇرغان؛ خەلق ھۆكۈمىتى كادىرى قاسىمجان ئايالىنى قويۇۋېتىپ، گۈلنىسانى «كۈتۈپ» تۇرغان ۋە گۈلنىسانىڭ لايىقى يېزا يىگىتى بولغانلىقىدەك شارائىت ئىچىگە قويۇلغان. رابىخان ئاشۇ ئىككى يىگىتتىن بىرىنى كۈيئوغۇللۇققا تاللىشى كېرەك. ئۇ ئەلۋەتتە، ئۆز ئېڭى بويىچە قاسىمجاننى تاللايدۇ. ئۇ «يېزا» دېيىلگەن ھامان 70 - يىللاردىكى ئۆزى ياشاپ كۆرگەن يېزىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدۇ. «شەھەر-ئاھالىسىنى تارقاقلاشتۇرۇش» ۋاقتىدا يېزىغا بېرىپ قورقۇپ كەتكەن ۋە شۇ

چاغدا ئۆز ئېگىدا پەيدا بولۇپ قالغان «يېزا — ھامان جاپالىق» دېگەن ئۇقۇمى ۋە ئانىلىق مەسئۇلىيىتى بويىچە، قىزنىڭ «جاپا»غا قېلىشىنى توسايدۇ. بۇ تەرەپلەر — 70-يىللاردىكى يېزىنىڭ ۋاستىلىق تەسۋىرى ھېساپلىنىدۇ. رابىخان قىزى تاللىغان «جاپالىق ماكان» دىكى لايىقنى يوق قىلىۋېتىش ئۈچۈن ئاتلىنىپ، ئالدى بىلەن يېڭى ۋەزىيەتتىكى يېزىنىڭ تاشقى قىياپىتى بىلەن ئۇچرىشىدۇ، بۇ يەردىكى تەسۋىر ئارقىلىق يازغۇچى ئۆۋەتتىكى كۈنسايىن ياخشىلىنىۋاتقان يېزىنىڭ ئىقتىسادىي قىياپىتىنى ئىنچىكىلەپ كۆرسەتسە، رابىخاننىڭ ئۇنى كۆرۈپ «بۇ پەقەت تاشقى كۆرۈنۈش» دەپ ئويلىشى ئارقىلىق، قالايمىقانچىلىق يىللاردىكى ئىقتىسات جەھەتتىكى يالغان مەلۇماتچىلىق، ساختا تاشقى كۆرۈنۈش پەيدا قىلىشتەك شەكىلۋازلىقنى تەنقىت قىلىدۇ. رابىخان يېزىنىڭ كونكرېت ئىچكى كۆرۈنۈشى — بولغۇسى كۈيوغلىنىڭ ئائىلە شارائىتى بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۆز قاراشلىرىنىڭ ۋاقتى ئۆتكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ ۋە قىزنىڭ جاپاغا قالمايدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، لايىقنى ماقۇل كۆرىدۇ. بۇ يەرگە كەلگەندە، رابىخاننىڭ قاسىمجاندىن ئىبارەت خەلق ھۆكۈمىتى كادىرىنى كۈيوغۇللۇققا تاللىشى — ئۇنىڭ «ئەمەلى» بولغىنى ئۈچۈن ئەمەسلىكى ئىسپاتلىنىدۇ — دە، رابىخان ئوبرازى — ئۆز پەرزەنتىگە كۆيۈنگۈچى ئانىلا ئەمەس، سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىز كىشىلىرىنىڭ نام-شۆھرەتكە بېرىلمەيدىغان ئالاھىدىلىكىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن ئوبراز بولۇپ گەۋدىلىنىدۇ.

بىز بۇ ھېكايىدىن رابىخان ياشىغان كونكرېت شارائىتنى كۆرۈپلا، گۈلنىسا ئوبرازىغا باغلىنىشلىق بولغان شارائىتنىمۇ كۆرۈۋالالايمىز. مۇناسىۋەتلەردىن «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەۋردىكى قالايمىقانچىلىق ۋەزىيىتىگە خاتىمە بېرىپ ھازىرقى تېز تەرەققىيات مەزگىلىدە كېتىۋاتقان جەمئىيىتىمىزنىڭ دەۋر قىياپىتىنىمۇ كۆرەلەيمىز.

شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئەسەردىكى ھەر بىر دېتال ئاپتورنىڭ مۇددىئاسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ ۋە شۇنداق بولۇشى كېرەك. بۇ خىل دېتاللارنىڭ ئايرىملىرى ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى بىلەن بىۋاستە باغلىنىشقا ئىگە بولمىسىمۇ، ئاپتورنىڭ ئىدىيىسىنى ئېچىپ بېرىش، ئەسەرنىڭ بىر پۈتۈن ئوبراز سىستېمىسىغا ئايلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ھېكايىدىكى قاسىمجان بىلەن گۈلنىسانىڭ سۆھبىتىدە، گۈلنىسانىڭ تاللىغان لايىقى ھەسەن ئۆزىگە كەلگەن ئوقۇش پۇرسىتىنى دەسلەپتە سۆيگىنى گۈلنىساغا ئۆتۈنگەنلىكى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئىمتىھان بېرىش ۋاقىتلىرىدا «شەھەردىكى ئىش كۈتۈپ تۇرغان ياشلارنىڭ ئوقۇپ خىزمەتكە ئورۇنلىشىشىنى كۆزدە تۇتۇپ» يەنىلا ئۆتۈنگەنلىكى يېزىلغان. بۇ يەردە ئۇ گۈلنىسا

ئېيتقاندەك، ئاشۇ «ئۆتۈنۈش» لەرى ئۈچۈن سۆيۈملۈكمۇ؟ ئۇنىڭ ئۇقۇشقا كىرمەس-
لىكى شەھەردىكى ياشنىڭ ئوقۇشقا كىرىشنىڭ كاپالىتىمۇ؟ دېگەن سوئاللار كېلىپ
چىقىدۇ. ھەسەندىن ئىبارەت مۇھىم يانداش پېرسوناژنىڭ ئىلمىنى باشقىلارغا ئۆتۈ-
نۈپ ئېتىپلا، «ئۆتۈنمىگەن بولسا ئۆزى بارالايدىغان» تۇرۇپ ئوقۇشقىمۇ بارماي، ئىلىم-
پەندىكى قابىلىيەتنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، بېيىش يولىغا مېڭىشى كىتابخاننىڭ
ئېڭىدا تەبىئىي ھالدا ھەسەن باشقىلارنى كۆزلىگۈچى ئەمەس، تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ
بىلىم ئېلىش ياكى ئىلىم ئارقىلىق يۇرتنى گۈللەندۈرۈشكە قابىلىيىتى يەتمىگەن،
دېگەن چۈشەنچىنى پەيدا قىلىدۇ. دەۋر خىسلىتىگە ئىگە ياشنىڭ ئوبرازى بولغان ئىكەن،
ئىلىم-پەندىكى قابىلىيىتىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا ھېكايىنىڭ چىن-
لىق تۈسى ئاشقان بولاتتى-دە، دەۋر روھى كۈچىيىپ، تېخىمۇ غايىۋىلىككە ئىگە بولاتتى.

* * *

«كىچىك لەقۋا» پوۋېستىغا بۇ جەھەتتىن نەزەر سالساق، ئۇنىڭدا پېرسوناژ
70-يىللاردىكى ماددىي ۋە مەنىۋى بوغۇلۇش دەۋرىگە، شۇنداقلا نۆۋەتتىكى يېڭى
ۋەزىيەتتىن ئىبارەت ئىككى خىل دەۋر شارائىتى ئىچىگە قويۇلۇپ، پوۋېستقا خاس
كەڭلىك دائىرىسىدە ئوبرازدىكى خاسلىق بىلەن ئومۇملۇق — خاراكتېر ئېچىپ بېرىلگەن.

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» كەلتۈرۈپ چىقارغان قىيىن شارائىت ئىچىدىكى
يالغۇزلۇق، يېتىملىك - كىچىك ئاخۇننى مىسكىن، تارتىنچاق ھالەتتە، كىچىك چىب-
غىدىلا تۇرمۇش غېمى ئىچىگە چۆكتۈرۈپ، ساۋاتسىز قويغان. بىز كىچىك ئاخۇن
ياشىغان بۇ تۇرمۇش شارائىتىدىن مەدەنىيەت مۇستەبىتلىكىنىڭ بىر تەرەپتىن ئېلى-
مىز ئىقتىسادىغا زىيان سالسا، يەنە بىر تەرەپتىن «خەلقنى نادانلىقتا قويۇش» سىيا-
سىتى يۈرگۈزگەنلىكىنى كۆرىمىز. يۇرتى ۋە ئاتا - ئانىسىدىن كىچىك ئايرىلغان
كىچىك ئاخۇن ئۆزىنىڭ ساددا، ساۋاتسىزلىغى سەۋەبىدىن. ئىشلىگەن ھەققىنى ۋاق-
تىدا ئالمىغىنى ئۈچۈن «لەقۋا» ئاتالدى. ئاچارچىلىقتىن پانا ئىزدەپ يۇرتىدىن
ئايرىلىپ كەلگەن يېرىدە 10 يىل ئىشلەپمۇ 39 كويغا ئاران ئېرىشكەنلىكى ۋە پۇل
يۈزىسىدىن لەقۋا ئاتىلىشى - كىچىك ئاخۇننىڭ ئۆز يۇرتىدىن باشقا جايلارنىڭمۇ
ئانچە پەرقلىنىپ كەتمەيدىغانلىغىنى، مەنىۋى جەھەتتىكى ئاچارچىلىقنىڭ بولسا ھېچ-
قانداق پەرقلەنمەيدىغانلىغىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كىچىك ئاخۇن ھەق بىلەن ھېساپ-
لاشماي، يەنىلا ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەيدۇ چۈنكى ئۇ ئەمگەكسۆيەر ياش
دېخان ئىدى. ئەمما، رېئاللىق ئۇنىڭغا رەھىم قىلمايدۇ. ئۇ قانچە قاتتىق ئىشلىگەن-
سېرى كىشىلەر ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدىغان، ئۇنىڭ ياردىمىنىمۇ قوبۇل قىلمايدىغان
بولىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇ كۈچ بىلەن يېڭەلمىگەن توسالغۇلارنى مەنىۋى جەھەت-

تىن يېڭىشكە ئامالسىز - قالىدۇدە، ئۈمىتسىزلىنىپ، رەسمى «لەقۋا» غا ئايلىنىدۇ. بۇ شارائىتلار - سوتسىيالىزىم ئۈچۈن قاتتىق ئىشلىگەنلەرنى بېسىش قۇيۇنى ۋە داش قازان تامىقىنى يېيىشنىڭ ئەمگەكچى بىلەن ئاقنانچىنى پەرقسىز قىلىپ قويغانلىقىنىڭ كىچىك ئاخۇن ئوبرازىدا ئەكس ئېتىشىدۇر. ھەممە جەھەتتىن چىقىش يولى تاپالمىغان كىچىك ئاخۇن ئىلگىرىكى مەسئۇلىيەتچانلىقىنى يوقىتىپ، ياخشى ئىشلىسىمۇ يامان ئىشلىسىمۇ پەرقسىز بولغان «ئېقىم» نىڭ يۈرۈشىگە كىرىۋالىدۇ. ئۇ ئورمان باقسا - ئورمان؛ قوغۇن - باقسا - قوغۇن زىيانغا ئۇچرايدۇ. بۇ ئەھۋاللار ئەينى چاغدا مەملىكىتىمىزدە يۈز بەرگەن ئىقتىسادىي زىيانلارنى مەنبەئى جەھەتتىن تولۇقلاپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. كىچىك ئاخۇن ئوبرازى ئەنە شۇنداق تىپىك شارائىتتا بارلىققا كەلگەن تىپىك پېرسوناژ ئوبرازىدۇر.

بالزاك «گورىيو بوۋاي» رومانىنىڭ بېشىدا گورىيو بوۋاي ئوبرازى ئۈستىدە توختىلىپ: «بەلكى گورىيو بوۋاينىڭ سىرلىق، ھەسرەتلىك تارىخىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، ناھايىتى ئوبدان ئىشتىھا بىلەن كەچكى تامىقىڭىزنى يەرسىز، ئۆز بىپەرۋالىقىڭىزنى ئاپتورغا ئارتىپ قويۇپ ئاپتورنى مۇبالىغە قىلىۋەتكەن، ئاشۇرۇپ تەسۋىرلىگەن، دەپ ئەيىپلەرسىز، بىلىش كېرەككى، بۇ پاجىئە ئويلاپ چىقىرىلغان ئەمەس، بۇنىڭ بارلىقى چىن ئەھۋال ۋە چىن ۋەقە. بۇنىڭ چىنلىقى شۇنچىلىككى، ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدى ياكى قەلبىدىن بۇ درامىنىڭ ئىچىدىكى ئامىللارنى تاپالايدۇ» ① دېگەن ئىدى. بۇ خىل تەھلىل ئۇسۇلى بويىچە قارىغاندىمۇ، كىچىك ئاخۇن ئوبرازىنىڭ چىنلىق ئاساسىغا يارىتىلغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلىمىز. كىچىك ئاخۇننىڭ يىل بويى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ، ئارانلا قوساق بېقىپ كەلگەنلىكىنى ئوقۇغان كىتابخان ئېلىمىزنىڭ قايسىبىر ھەقىقى ئەمگەكچىسى ئۇ دەۋردە مەن ئۇنداق بولمىغان، دېيەلەيدۇ؟ كىچىك ئاخۇننىڭ چۈشكۈنلىشىشىمۇ كەڭ ئىجتىمائى ئاساسقا ئىگە. جەمئىيىتىمىزدە شۇ ۋاقىتتىكى چۈشكۈنلۈكتىن پەيدا بولغان ناچار خاھىشلارنى ھازىرغىچە تۈزىتىۋاتقىنىمىز - بۇنىڭ دەلىلى.

كىچىك ئاخۇننىڭ ئىدىيىۋى بوپىلاردىن قۇتۇلۇش بىلەن باي بولۇش يولىغا قاراپ يۈزلىنىشىمۇ، جەمئىيەتتىكى يېڭى ۋەزىيەتكە ۋەكىللىك قىلىدىغان تىپىك جەرياندۇر.

بۇ ئوبراز كىچىك ئاخۇننىڭ ساددا، مىسكىن، ئەمگەكچان بولۇشتەك خاسلىقى ئىچىدە، ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ قالايمىقانچىلىق يىللىرىدا تارتقان ئېغىر تاسقاقچىلىق، ئاھانەتكە ئۇچراشلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بەرگەن.

** ** **

ئەدەبىي ئەسەرنىڭ شەكلىنى تەشكىل قىلىدىغان ئامىللار ئاساسەن، كومپوزىتسىيە، تىل، تۈر، ژانىر ھەممە ئەدەبىياتتا ئىشلىتىلىدىغان ھەر خىل بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇلارنىڭ مۇۋاپىق ياكى مۇۋاپىقسىزلىقىمۇ بەدىئىيلىكنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن، بەدىئىيلىك ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزگەندە، بۇ تەرەپلەرنىمۇ ئالاھىدە كۆزدە تۇتۇشقا توغرا كېلىدۇ.

* * * *

ياخشى يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەر مۇكەممەل ئوبراز سىستېمىسى بولۇپ، ئۇ نۇرغۇن تەركىۋىي قىسىملاردىن تەشكىل تاپىدۇ. يازغۇچى ئىجادىيەت ئەمەلىيىتىدە، رېئال تۇرمۇشتىن مەلۇم بىر تېمىنى تاللاپ، ئەسەرنىڭ باش تېمىسى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ماتېرىياللارنى قانداق تەشكىللەش، پېرسوناژلارنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇش، سيۇژېتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش، كۆرۈنۈشلەرنى قانداق جايلاشتۇرۇش، قايسى ئورۇنلىرىنى زور كۈچ بىلەن ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرۈش، قايسى جايلىرىنى ئاددىيلا بايان قىلىش، بېشى بىلەن ئايىغىنى قانداق ماسلاشتۇرۇش ۋە باشقىلارنى ئويلىشى لازىم. تۈزۈلۈش — ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى ئىپادىلەش، باش تېمىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىكى مۇھىم ۋاستە، كومپوزىتسىيە شۇ ۋاستىنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى. ھەر بىر ۋەقە - ئېپىزوت پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ ئېچىلمىغان تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك . ئۇنداق بولمىسا ئوبراز ۋەقەلىكلەر ئىچىگە كۆمۈلۈپ قالىدۇ.

«لايىق تاللاش» ھىكايىسىنىڭ سيۇژېتى راۋان. ھىكايىدە تەرتىپلىك بايان ئۇسۇلى بويىچە تېپىك ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەقەلىك ۋە ئېپىزوتلار ئارقىمۇ - ئارقا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، شۇ ئاساستا باش قەھرىمان ئوبرازى قەدەممۇ - قەدەم ئېچىپ بېرىلگەن .

ھىكايە باشلانغاندا، رابىخان ئۇيۇشتۇرغان «گۈلنىسانى قىلتاققا چۈشۈرۈش ئولتۇرۇشى» نامايەن بولىدۇ. بۇ ئولتۇرۇش — رابىخان ۋە قىزى گۈلنىسانىڭ كەچۈرمىشلىرى بىلەن قاسىمجاننى كىتابخانلارغا تونۇشتۇرىدۇ. رابىخاننىڭ يېزىغا بولغان تونۇشى ۋەزىيەتتىن كېيىن قالغان بولغانلىقى ئۈچۈن «لايىقنى بۇزۇۋېتىش»قا ئاتالغان چاغدىكى ئېپىزوت تەسۋىرى رابىخاننىڭ يېزىغا بولغان تونۇشىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. رابىخان ئۆز قارىشىنىڭ

خاتالىقىنى ھېس قىلىپ، قىزىنىڭ لايىقىنى ماقۇل كۆرگىنىدە، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئاقكۆڭۈل ماھىيىتى ئېچىلىدۇ. ئۇنىڭ دەسلەپكى قاراش ۋە سەرگۈزەشتىلىرى ئاخىرقى ئېپىزوتتا سېلىشتۇرما ھاسىل قىلىپ، ھېكايىنى ئىخچاملىققا ئىگە قىلغان ھەمدە يازغۇچىنىڭ يېڭى ۋەزىيەتكە بولغان سۆيۈنۈش، مەدھىيىلەش ئىدىيىسى تەبىئىي ھالدا ئىپادىلەنگەن.

«كىچىك لەقۋا» پوۋېستىدا، يازغۇچى بۇ ژانىرنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن پايدىلىنىپ، ئېپىزوتلارنى جانلىق، خىلمۇ-خىل ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇنىڭدا باياننىڭ ھەر خىل ئۇسۇللىرىنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. پوۋېستىنىڭ دەسلەپكى بۆلىكىدە كىچىك ئاخۇننىڭ ئاچارچىلىقتىن پانا ئىزدەپ كەلگەنلىكى يېزىلىش ئارقىلىق كىتاپخانىنى كۈنسېرى ناچارلىشىپ كېتىۋاتقان ئىقتىسادىي ۋەزىيەت بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشتۇرىدۇ. بۇ تونۇشتۇرۇش — كۈچلۈك ۋە ئەھمىيەتلىكتۇر. ئەمگەك جەريانىدا كىچىك ئاخۇندىن ئىبارەت ياش، ساۋاتسىز، ئەمگەكچان دېھقاننىڭ خاراكتېر كەچۈرمىشلىرى ئېچىلىشقا باشلايدۇ. بۇ چاغدا ئۇنىڭ تۈپ خاراكتېرى ئاشكارىلانغان بولسا، 10 يىللىق دارامىتى ئارقىلىق، ھېلىقى ناچارلىشىپ كېتىۋاتقان ئىقتىسادىي ۋەزىيەت يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تونۇشتۇرۇلۇپلا قالماي، ئىقتىسادىي ئاجىزلىشىش بىلەن بىللىلىشىپ كېتىۋاتقان مەنىۋى نامراتلىقمۇ، كىچىك ئاخۇننى ئوراپ تۇرغان ئىجتىمائىي مۇھىت ئارقىلىق ئېچىپ بېرىلىدۇ. شۇ خىل نامراتلىقلارنىڭ قاتتىق بوغۇشى كىچىك ئاخۇننى چۈشكۈنلەشتۈرۈۋېتىدۇ. ئۇنىڭ «ئورمان بېقىش» ۋەقەلىكىدىكى كۆرۈنۈشى بىر ياقتىن ئەمگەككە بولغان ئۈمىدسىزلىكىنى كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن كىشىنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىشنى خالىمايدىغان خاراكتېرىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ ئىپادىلەيدۇ. «كۆتۈچەك قومۇرۇش» كۆرۈنۈشى — ئۇنىڭ چۈشكۈنلۈك ئىچىدە ئويغا بېرىلىپ، شەخسىي ئېھتىياجى بىلەنمۇ كارى بولمىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنىلا ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزمىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شەخسىي ئېھتىياجى بىلەنمۇ كارى بولمىغانلىقى «قوغۇن بېقىش» كۆرۈنۈشىدىكى ۋەقەلىكنىڭ ئىدىيىۋى ئامىلىنى ئالدىن كۆرسىتىپ، بۇ ئارقىلىق جەمئىيەتتىكى قالايمىقانچىلىق ۋەزىيىتىنىڭ كىشىلەرنى چۈشكۈنلەشتۈرگەنلىكى ۋە بۇ ئارقىلىق كېلىپ چىققان چوڭ زىيانلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ۋەقەلىكلەر ئۆز ئارا چېتىشلىشىپ، پېرسوناژنىڭ شۇ شارائىتتىكى روھىي قىياپىتىنى گەۋدىلەندۈرۈشتە ھەر قايسىسى ئۆز ئالدىغا ئالاھىدە رول ئوينىغان. شۇڭا مۇشۇ ۋەقەلىكلەر ياكى ئەسەرنىڭ باش قىسمىدىكى «دۈيجاڭنىڭ ئۆيىگە خۇپىيانە بېرىش»، «خۇماخان بىلەن تۇرمۇش ھەققىدە بولغان سۆھبەتلەر» گە ئوخشاش كۆرۈنۈشلەرنىڭ بىرەرسى قالدۇرۇپ قويۇلسا،

سيوژېتىنىڭ خاراكتېرىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىكى ئىزچىللىقى بۇزۇلىدۇ. بۇلار ئوبرازنىڭ خاراكتېرى بىلەن ئورگانىك ھالدا باغلانغان بولۇپ، تولىمۇ قىزىقارلىقتۇر. ئاخىرىدا كىچىك ئاخۇننىڭ يېڭى ۋەزىيەت ئاستىدا باي بولۇشى «لەقۋا» لاشقان ۋاقىتتىكى قىياپەتلىرى كىتابخاننىڭ ئېڭىدا سېلىشتۇرما پەيدا قىلىپ، ئۇنىڭ دۈيگە كەلگەن چاغدىكى ئىشچانلىقىنى ئەسلىتىدۇ. ئىككى خىل ۋەزىيەتنىڭ سېلىشتۇرمىسى ئارقىلىق، يازغۇچىنىڭ تىندىنىيىسى ئوبرازغا يوشۇرۇنغان ھالدا تەبىئىي ئىپادىلەنگەن.

دېمەك، ۋەقەلىك ۋە ئېپىزوتلار پېرسوناژنىڭ خاراكتېر تەرەققىياتىغا مۇناسىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، خاراكتېر ئىزچىللىققا ئىگە ھالدا ئېچىپ بېرىلگەن ھەم ئەسەرنى قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە قىلغان.

بۇ يەردە شۇنى ئېيتىپ ئۆتۈش ھاجەتكى، تىل سەنئىتىدە ئوبراز ۋاستىلىق تۇردە يارىتىلىدىغىنى ئۈچۈن، ئەدەبىي ئەسەرلەر كىتابخانلارغا تولۇق تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە تەكرار ئىجات قىلىشنىڭ كەڭ زېمىنىنى ھازىرلاپ بېرىدۇ. كىشىلەر ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش جەريانىدا، ھەممىشە ئاپتور ياراتقان بەدىئىي ئوبرازغا ئاساسەن، ئۆزىنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىگە، كۈندىلىك تۇرمۇشتا كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىغا بىرلەشتۈرگەن ھالدا باغلاشتۇرۇپ تەسەۋۋۇر قىلىپ، ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرى ئارقىلىق بۇ بەدىئىي ئوبرازىنى بېيىتىدۇ، بەزىدە ئەسەردىكى ئەدەبىي ئوبراز بىلەن تۇرمۇشتىكى ئادەم ۋە ۋەقەلەرنى بىرلەشتۈرۈپ قاراپ، تېخىمۇ ھەقىقىلىق ۋە يېقىملىق ھېس قىلىدۇ.

كىچىك ئاخۇن ئۆز ھوسۇلى ئارقىلىق قولغا كەلگەن مۇكاپاتنى تاپشۇرۇپ ئالغىنىدا، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ تاشلايدۇ. بۇ چاغدا كىتابخاننىڭ پېرسوناژ سەرگۈزەشتىلىرى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن تەسەۋۋۇرى بۇ يىغىنىڭ سەۋەبىنى تەبىئىي ھالدا ئوبراز بىلەن بىرلەشتۈرەلەيدۇ. بۇ يىغىنىڭ سەۋەپلىرى ھەققىدە چۈشەندۈرۈش بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەسەردە بېرىلگەن بۇ خىل چۈشەندۈرۈش، ئەسەرنىڭ باش قىسمىنىڭ ئىچكى مەزمۇنىغا باغلىق بولغانلىقتىن، شۇ قىسىم تەكرارلانغاندەك ھېسسى پەيدا قىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، بوۋىستىنىڭ «ئۇيقۇ ئاخىرلاشتى» دېگەن ماۋزۇسىدا، كىچىك ئاخۇننىڭ ئۆتنە ئاشلىق تەلەپ قىلىپ بېرىپ، دۈيجاڭنىڭ شەخسى ئېغىلىدىن قىغ چىقىرىۋاتقان ئورنىدا تاماق يېگەنلىكى يېزىلىدۇ. ئەسەردە يېزىلغىنىدەك شەخسى ئېغىل ئادەتتە ئۆيگە ياندىش ياكى ئۆي ئەتراپىغا سېلىنغان بولىدۇ. شۇنداق تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن دۈيجاڭ نان - چايلارنى ئېغىلغا ئەكىرىۋالىدۇ؟ بۇ، ئەلۋەتتە تۇرمۇش چىنلىقىغا ئۇيغۇن بولمىغان دېتالدۇر.

*   *   *   *   *   *

ئەدەبىيات — تىلنى قورال قىلىپ، ئوبرازلار ۋە تىپلارنى يارىتىش بىلەن رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بەدىئىي تىلنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى — ئوبرازلىقتۇر. ئۇ شەيئى، خاراكتېر ۋە مەنزىرە قاتارلىقلارنى كونكرېت، جانلىق تەسۋىرلەپ بېرەلەيدىغان تىل بولۇپ، بۇنداق تىلنى قوللىنىپ، پېرسوناژلارنىڭ ئوبرازىنى جانلىق يارىتىپ بېرەلىگەندە، ئىجتىمائىي تۇرمۇش كارتىنىلىرىنى جانلىق تەسۋىرلىيەلىگەندە، كىشىلەرنى يازغۇچىنىڭ بايان قىلىۋاتقانلىرىنى بىۋاستە ھېس قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ.

پېرسوناژ تىلى پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرىنى سۈرەتلەپ بېرىشتىكى مۇھىم ۋاسىتىلارنىڭ بىرى. شۇڭا، ئاپتوردىن ئوخشاش بولمىغان پېرسوناژلارنىڭ سىنىپى، كەسپىي، سەرگۈزەشتىسى، تۇرمۇش ئادىتى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ۋە روھىي ھالىتى قاتارلىقلارغا ئاساسەن باي تىلنى تاللاپ، ئوخشاش بولمىغان پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

«لايىق تاللاش» ھېكايىسىدا ئاپتورنىڭ ئىلگىرىكى ئەسەرلىرىدىكى كەمچىلىك تۈزىتىلگەن. يەنى ئاپتور تىلىدىمۇ، پېرسوناژ تىلىدىمۇ تىندىنسىيە ئاشكارىلىنىدىغان ئەھۋاللار يوق. رابىخاننىڭ تىلىدىن ئۇنىڭ كەچۈرمىشى، يېشى، دىگەندەك تەرەپلەرنى ھېس قىلىش مۇمكىن. قاسىمجاننىڭ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ نام - شۆھرەت قوغلىشىدىغان، ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغانلىقى ۋە مۇھەببەت قارىشىنىڭ بىر تەرەپلىمىلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. دىمەك، قاسىمجان كۆپ تەربىيە كۆرگەن كىشى ئەمەس ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ.

«كىچىك لەقۋا» پوۋېستىدا پېرسوناژ تىلىدىكى خاسلىق بىلەن ئومۇمىلىقنىڭ بىرلىكى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. ئۇنىڭ ئۈچۈن بىز باش قەھرىمان كىچىك ئاخۇننىڭ لەقۋا ئاتىلىشىدىن ئىبارەت تۈگۈندىكى سۆزىنى مىسال قىلايلى: «— دەسلەپكى يىللاردا، — دىدى دۈيجاڭغا چۈشەندۈرۈشكە باشلاپ،— تەقسىمات بولغاندا مېنىڭ ھەسسەم بار - يوقلۇقىنى سوراشقا نومۇس قىلدىم، كۆپچىلىكنىڭ رەھىم قىلغىنىغا بولسا تېخى مەن ھەق قايتۇرسام بولاتتى، دەپ ئويلىدىم. كېيىنكى يىللاردا مېنى چاقىرىپ ھەممىسىنى قوشۇپ بېرەر، دەپ ئويلىغۇدىم، چاقىرمىغاندىن كېيىن بىرنەرسە تەگمىگەن ئوخشايدۇ، دەپ سۈرۈشتۈرۈشتىن ئىزا تارتتىم، يېقىندا ئاڭلىسام، ماڭا تەقسىمات تېگىدىكەنمىش....»

كىچىك ئاخۇننىڭ بۇ سۆزىدىن ئۇنىڭ روشەن خاسلىقى بىلەن ئومۇمىلىقىنى ئېنىق ھېس قىلىش مۇمكىن. «سوراشقا» نومۇس قىلىش، «ھەممىنى قوشۇپ بېرەر

دەپ ئويلىشى» دىن كىچىك ئاخۇننىڭ ئاتا-ئانىسىدىن كىچىك يېتىم قېلىپ، يېتىملىك ۋە تۇرمۇش غېمىدە كىشىلەرگە ئارىلىشالمىغان ۋە ئۆز يۇرتىدا تېخى ئەمگەككە قاتنىشىپ باقمىغان گۆدەك ئىكەنلىكىنى بىلىش مۇمكىن. چۈنكى گۈك خاتىرىلەپ ھەق بېرىدىغان مەزگىللەردە مەيلى كىمگىلا بولمىسۇن، بىر نەچچە يىللىقنى قوشۇپ بېرىدىغان ئىش بولغان ئەمەس. كىچىك ئاخون يېتىملىكتە مۇشۇنى بىلىشكىمۇ ئۈلگۈرمىگەن. ئۇنىڭ «ئىزا تارتىش» لىرى بولسا، يېتىملىك ئارقىسىدا شەكىللەنگەن، قورقۇنچاقلىق بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن تارتىنىشتۇر. يەنە بىر جەھەتتىن بۇ دىئالوگ ئەينى چاغدا سوتسىيالىزىم ئۈچۈن شەرتسىز تەر تۆكۈپ ئىشلىگەنلەرنىڭ ئېتىۋار بېرىشكە ئېرىشەلمىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

پوۋېستتا كىچىك ئاخون ئوبرازى باشتىن-ئاخىر ئۆزىگە خاس تىلغا ئىگە، بېرىلگەن تىل ئۇنىڭ خاراكتېر تەرەققىياتىغا ماسلاشقان. ئۇنىڭ خۇماخانىنى «سۆيگىنىم» دېيىش ۋاقتىدىكى سۆزلىرى، چۈشكۈنلىشىپ كەتكەندىن كېيىن، كىشىلەرگە قىلغان گەپلىرى ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى روھىي دۇنياسىنى روشەن ئېچىپ كۆرسەتكەن . مەسىلەن:

«— بوينۇڭنى يۇلۇپ ئاقاقا كۆمۈۋېتىمەن نانقېپىلار، - دىدى باللارنى قورقۇتۇپ قوپال ئاۋازدا، - ھە، قىلىشە گېپىڭنى!»

بۇ — كۈنبويى ئاچچىق ئىچىدە تۇرغان كىشىنىڭ سۆزى، شۇنداقلا، يەنى بىر تەرەپتىن سۆزلىگۈچىنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتكەن ئاقكۆڭۈللۈكنىڭ بەلگىسىدۇر. بۇ ئاچچىق بىلەن باللارنى قورقۇتقاندەك قىلسىمۇ، يەنىلا ئۇلارنى ئۆز گېپىنى داۋاملىشىغا يول قويىدۇ. كىچىك ئاخۇننىڭ خاراكتېرىدىن ئالغاندا، ئۇ ئەسلى باشقىلار گەپ سورىمىسا گەپ قىلمايدىغانلاردىن ئىدى. 10 يىللىق ئەمگىكى ھېچنېمىگە ئەرزىمەيلا قالماي، ھاقارەتلەنگەندىن كېيىن، ئىدىيىدە چۈشكۈنلىشىپ، «خاپىلىقتا جاھاننى بىر كېزىپ چىقىش» تەك روھىي ھالىتى ئۆزىگە خاس تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ئۇ قوغۇنلارنى زىيانغا ئۇچرىتىۋېتىپ: «مېنى قوغۇنلۇقنى ساقلا دىگەن، قوغۇنلۇق ئۆز جايىدا تۇرۇپتۇ ...» دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. بۇمۇ يۇقۇرىدا دىگەنلىرىمىزنىڭ بىر تەرىپى.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئەسەردە يانداش پېرسوناژلارمۇ ئۆزىگە يارىشا خاس تىلغا ئىگە قىلىنغان. ئەمەت دۈيجاڭنىڭ تىلى بۇنىڭغا مىسال، ھەمدە كىچىك ئاخون قوغۇننى زىيانغا قويغان چاغدىكى ئۇنىڭغا قەرز يېزىش يىغىنى ۋە ئاخىرىدىكى كىچىك ئاخون يەر تەلەپ قىلغاندىكى يىغىنلاردا ئۇنىڭغا قارىتىپ ئېيتىلغان سۆزلەردىن سۆز ئىگىلىرىنىڭ خاراكتېر پەرقلىرىمۇ سېزىلىدۇ.

يازغۇچى بۇ ئەسىرىنى يېزىشتا مۇشۇ خىل ئىنچىكە تەرەپلەرگىمۇ ئېتىۋار بىلەن قاراپ، ئىلگىرىكى ئەسەرلىرىگە قارىغاندا چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەش قىلغان.

ئېپىك ئەسەرلەردىكى ئاپتور تىلىدىن يازغۇچىنىڭ ئۆزى تەسۋىرلىگەن پېرسوناژلار، ۋەقەلىكلەرگە تۇتقان پوزىتسىيىسى بىلەن باھاسىنى، ئۇنىڭ مۇھەببەت ۋە نەپرىتىنى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەگەر ئۇنداق بولماي، ئەسەردىكى بايانچى تىلى بايان ئۈچۈنلا بايان قىلىنىدىغان بولسا، ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋىلىكى ھەم بەدىئىيلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىكى بىر پۈتۈنلۈكى تەسىرگە ئۇچرىماي قالمايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ خىل پوزىتسىيە بىلەن باھا ئاشكارا ھالدا ئەمەس، سيۇژېتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يوشۇرۇن ۋە تەبىئىي ھالدا ئىپادىلىنىشى كېرەك.

«لايىق تاللاش» ھىكايىسىدا ئاپتور ئىلگىرىدىكى ئەسەرلىرىدىكىگە ئوخشىمىغان ھالدا ئۆز بايانىنى پېرسوناژنىڭ ھېس - تۇيغۇسى، ئوي - پىكرى بىلەن بىرلەشتۈرۈۋېتىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئاپتور تىلى جەھەتتە جانلىقلىقنى، پېرسوناژ خاراكتېرى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە يۈزلەنگەن:

«ئۇ كۈنى گۈلنىسانىڭ دوستلىرى، بولۇپمۇ گۈلسۈم ئۇنىڭ قۇلاق - مېڭىسىنى يەپ، «ياش قىزلارمۇ ئادەم» دەپ، گويا رابىخاننى بىلمەيدىغاندەك ئىككى ئاش پىشىم گەپ ساتتى...»

مانا بۇنىڭدا ئاپتور ئۆز بايانى ئارقىلىق، گۈلسۈمنىڭ دىگەنلىرى ۋە رابىخاننىڭ ئويلىغىنىنى بىرلەشتۈرۈپ، تىلدا ئىخچاملىق ۋە ئوبرازچانلىقنى ئەمەلگە ئاشۇرغان.

«ئۇ ناھايىتى تەستە تاڭ ئاتقۇزدى، ئۇخلىمىغانلىقتىن ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچىدە بىردەم قىزى بىلەن، بىردەم تېخى تونۇشمىغان قۇدىلىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ چىققانلىقتىن خۇددى كەچكىچە ئىشلەپ ھېرىپ كەتكەن كىشىدەك چارچاپ ئورنىدىن تۇردى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، قىزىق تونۇر سوۋۇماستا ياقىدىغان ناننى يېقىپ، گۈلنىسانىڭ ئىشىنى «بۇزۇۋېتىش» كە ئاتلاندى»

بۇ تەسۋىردە رابىخاننىڭ ئاچچىقىدا «ئىشنى نېرى - بېرى قىلىۋېتىش» قا ئاتلىنىشتىكى روھىي ھالىتى ئىخچام تەسۋىرلىنىپلا قالماي، قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئوخشىتىش ئارقىلىق تەسۋىرنى تېخىمۇ جانلاندۇرغان.

«كىچىك لەقۋا» پوۋېستىدا ئىجتىمائىي مۇھىت تەسۋىرى، شۇنداقلا روھىي قىياپەت تەسۋىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ قوللىنىلغان. بۇنداق بولۇشى - ئەسەرنىڭ چىنلىق تۈسىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان.

كىچىك ئاخۇن دۇيىگە دەسلەپ كەلگەن چېغىدا ئورۇنلاشقان يالغۇز ئۆي ھەققىدىكى تەسۋىر — كىچىك ئاخۇننىڭ ئىجتىمائىي ئالاقىلىرى بىلەن روھىي دۇنياسىغا ماسلاشتۇرۇلغان. ئۇ ئۆينىڭ تۈڭلۈگىمۇ، پەنجىرىسىمۇ يوق، ئۆيگە ئىشىكنىڭ يوچۇغىدىنلا يورۇق كىرىدۇ. ئۆي ئىچىدە قومۇش — يېكەنلەرنىڭ ئۇچلىرى يەرگىچە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. بۇلار — كىچىك ئاخۇننىڭ مىسكىن، يېتىم، يالغۇزلۇق ئىچىدىكى ئازاپ چەككەن ياش كۆڭلىنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىسى بولالايدۇ. ئۆي ھەققىدىكى تەسۋىر ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا يەنە بېرىلگەن بولۇپ، كىچىك ئاخۇننىڭ يېڭى ۋەزىيەتتىكى روھىي قىياپەت تەسۋىرىنى ئۇنىڭغا بىرلەشتۈرۈپ، بۇ چاغدىكى جۇشقۇن، ئەمگەكسۆيەر كىچىك ئاخۇننىڭ روھىي دۇنياسى ئوبرازلاشتۇرۇلۇپ بېرىلگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، ئەسەردە كىچىك ئاخۇننىڭ چىراي — تۇرقىدىكى ئۆزگىرىشمۇ، چۈشكۈنلەشكەن چاغدىكىسى بىلەن ئىدىيىدە ئازات بولغان ۋەزىيەتتىكىسى جانلىق سېلىشتۇرۇلغان. ئاپتور كىچىك ئاخۇن دۆلەتكە تۇنجى بولۇپ ئاشلىق سېتىپ بېرىۋاتقان ۋاقىتتا، باشقىلارنىڭ «زوقلىنىپ قاراپ قويۇشلىرى» ئارقىلىق يېڭى ھاياتقا ئېرىشكەن ئىنسانغا ئومۇمىي ھۆرمەت بىلدۈرسە، خوماخاننىڭ ئەسلىدىكى «سەن» لەشتىن «سىز» لەشكە ئۆتكەنلىكى ئارقىلىق بۇ ھۆرمەتكە كونكرېت مىسال كەلتۈرىدۇ.

جانلىق ئوخشىتىش ۋە تەسۋىرلەرنىڭ مۇۋاپىق قوللىنىلىشى — ئەسەرنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى.

كىچىك ئاخۇننىڭ نامراتلىقىنى «ئېچىلمىغان گۈلگە قاراپ سايرايدىغان بۇلبۇل يوق، شىرنىسى يوق چېچەككە قونمىغان كېپىنەك نەدىكەن» دەپ يېزىپ، ئۇنىڭ ئۆيلىنەلمەسلىكىدىكى سەۋەبىنى ئەپچىل تەسۋىر بىلەن ئىپادىلىگەن.

كىچىك ئاخۇننىڭ خاس روھىي قىياپەتلىرى ھەققىدىكى تەسۋىرلەر ئۇنىڭ باش قەھرىمان بولۇشىغا يارىشا كۆپ ھەم جانلىق بولغان.

«ئاخىرى سۆزنى بىرسى ئامبۇر بىلەن يۇلۇپ تارتقاندەك تەستە جاۋاپ بەردى»، «كىچىك ئاخۇننىڭ بېشىدا چاقماق چېقىلغاندەك بولدى، قۇلىقى غۇڭۇلداپ، كۆز ئالدى غۇۋالىشىپ كەتتى، ئۇنىڭغا خوماخاننىڭ باياتىن دېگىنى تاسادىپىي ئېغىزدىن چىقىپ كېتىپ قالغاندەك ياكى ئۇنىڭ نەزىرىدە شۇنداق دېيىلگەندەك بولۇپ تۇيۇلدى. شۇ سېكۇنتتا يەنە ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا گۈلنارخان كۆرۈنگەندەك، قۇۋەتلىك، يېقىملىق قوللىرى بىلەن ئاش سۇنۇۋاتقاندەك، يوتقانلىرىنى يۇيۇۋاتقاندەك كۆرۈندى». بۇ تەسۋىرلەردە كىچىك ئاخۇننىڭ روھىي دۇنياسى تولۇق ئېچىپ

بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ كەمسۆز، كىچىك پېئىللىقى — مۇۋەپپەقىيەتلىك تەسۋىرىنىڭ نىشانى بولغان. بۇنداق مىساللارنى يەنىمۇ كۆرسىتىش مۇمكىن.

ئەسەردە يەنە پېرسوناژنىڭ ئىش - ھەركىتىگە نىسبەتەن «ئالدىن بىشارەت بېرىش» ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئەسەرنىڭ بايان قىلىش جەھەتتىكى جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرغان. مەسىلەن: كىچىك ئاخۇننىڭ قاچان لەقۋا ئاتىلىپ قالغانلىقى ھەققىدە ھېچكىم ئېنىق بىر نەرسە دەپ بېرەلمەيتتى» دېگەن تەسۋىرنى ئالدىن بېرىپ قويۇپ، ئارقىدىن شۇ ھەقتىكى ھېكايە باشلانغان ۋە باشقىلار. بۇ — بايان قىلىشتىكى بىر خىل ئۇسۇل سۈپىتىدە ئەسەرنىڭ تەسۋىرىنى راۋانلاشتۇرغان.

* * * * * *

ھەرقانداق ئەدەبىيات - سەنئەت ئەسىرى ئۆز دەۋر شارائىتىنىڭ مەھسۇلى. گۈللەپ - ياشناۋاتقان بۈگۈنكى ئەدەبىياتىمىزمۇ جەمئىيىتىمىز يېڭى مۇھىتىنىڭ مەھسۇلى. بۇ خىل مۇھىتتا س. دۇگايلىنىڭ پروزا ئىجادىيىتى بەدىئىلىك جەھەتتىن ھەم ئىدىيىۋىلىك جەھەتتىن چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىدى. بۇ بولسا، يېڭى دەۋر شارائىتى بىلەن بىرگە، يازغۇچىنىڭ ئەدەبىيات ۋە تۇرمۇش جەھەتتىكى ئەتراپلىق بىلىمىدىن ئايرىلمايدۇ. شۇڭا بىز يازغۇچىنىڭ ئىجادىيىتىدە مول مېۋىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە بولغان ئۈمىدىمىزنى ئاقلىشىغا ئىشىنىمىز.

---

1. «جۇشقۇن ئېقىم» 1982 - يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى.
2. «لايىق تاللاش» تارىم 83 - يىللىق 3 - سان
3. «كىچىك لەقۋا» تارىم 84 - يىللىق 11 - 12 سان.
4. «تومانلىق قىرغاق» تارىم 85 - يىللىق 8 - سان.

# قۇمۇل قوشاقلىرىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى توغرىسىدا

ئابدۇللا ئەھمەدى

قۇمۇل خەلقىنىڭ ناخشا ـ قوشاقلىرى ئۇزۇن بىر تارىخىي جەريانىدا بارلىققا كەلگەن. ئۇ، قۇمۇل ئۇيغۇرلىرىنىڭ تۇرمۇش ۋە كۈرەشلىرى بىلەن زىچ باغلانغان. قۇمۇل قوشاقلىرى روشەن يەرلىك خۇسۇسىيەتكە، كۈچلۈك مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. قۇمۇل ناخشا ـ قوشاقلىرى ئۆزىنىڭ قەدىملىكى، تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ كۈچلۈكلىكى، مۇزىكىسىنىڭ يېقىملىقلىقى، ھېسسىياتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئاھاڭىنىڭ خىلمۇ ـ خىللىقى بىلەن ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ.

بىزگە مەلۇم، خەلق ئاممىسى ۋە ئۇنىڭ رېئال تۇرمۇشى ئەدەبىي ئىجادىيەتنىڭ مەنبەئى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ قۇمۇل خەلقى ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى، ئىجتىمائىي ئەھۋالىنى، سەرگۈزەشتىلىرىنى يەنى تارىخىنى تىماتىك دائىرىسى كەڭ ۋە چوڭقۇر مەزمۇنلۇق، گۈزەل ۋە يارقىن شەكىللىك نۇرغۇنلىغان ھىكايە، راۋايەت، شېئىر، قوشاق، داستان، ماقال ـ تەمسىللەر بىلەن يېزىپ چىققان. بۇلاردا نۇرغۇنلىغان تارىخىي ۋەقەلەر، تارىخىي شەخسلەر، خەلق قەھرىمانلىرى، ئالىملار، شائىرلار، ئەدىبىيات ـ سەنئەتچىلەر، ۋە ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرى بار. بۇلار قۇمۇل خەلقى ئۆز تارىخىدا بېسىپ ئۆتكەن ئەگرى ـ توقاي يوللار، بوران ـ چاپقۇنلۇق سەرگۈزەشتىلەر جەريانىدا ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن كۈرەش نەتىجىلىرى ۋە مول بايلىقلىرىدۇر. قۇمۇل خەلق قوشاقلىرىدا فېئوداللىق نىكا تۈزۈمىگە قارشى ھېسسىيات، سۆيگۈ ـ مۇھەببەت، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئەدەپ ـ ئەخلاق، ۋاپادارلىق، مېھرىبانلىق، ئەركىنلىككە ئىنتىلىش ئارزۇ ـ ئارمانلىرى، تاجاۋۇزچىلىققا، زۇلۇمغا قارشى باتۇرانە كۈرەشلەر، خەلق قەھرىمانلىرى كۈيلەنگەن. زۇلۇمغا، ئادالەتسىزلىككە، خائىنلارغا قارشى تولۇپ ـ تاشقان غەزەپ ـ نەپرەت ئىپادىلەنگەن .

بۇ ناخشا ـ قوشاقلار ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا يۆتكىلىپ، بىزنىڭ دەۋرىمىزگە كەلدى ۋە قۇمۇل خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىختىن كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئەدەبىي مىراسلىرى ۋە مەدەنىيەت غەزىنىسىگە قوشۇلۇپ قۇمۇل ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەدەبىياتىنى يەنىمۇ بېيىتتى. بۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ھەم ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت غەزىنىسىگە قوشۇلغان زور تۆھپىسىدۇر.

بىز تۆۋەندە قۇمۇلنىڭ ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئىجات قىلىنغان ناخشا ـ قوشاقلاردىن بىر نەچچىسىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتەيلى:

### 1 ـ يالغۇز تۇيۇن

يالغۇز تۇيۇن بىر پارچە تاغ،
بۇلۇتنى قۇرغان.
ئاتمىش ئالتە گۆدەكلەرنى،
بۇغدايدەك ئورغان.

يالغۇز تۇيۇننىڭ ئارقىسى،
قاپ ـ قارا سايدۇر.
ئۆمەر باتۇر مىنگەن ئېتى،
كۆك ئالا تايدۇر.

كۆك ئالا تاينى مىنىپ،
بايلارنى باسقان.
بىر مىڭ بىر يۈز قالماق كۆرۈپ.
ئارقىغا قاچقان.

يالغۇز تۇيۇن بىر پارچە تاغ،
ئاسماننى تەپكەن.
ئۆزى ئۇلۇغ، كۆڭلى پەقىر،
سۇلارنى سەپكەن.

ئۆمەر باتۇر خوش ئەر ئىدى،
ئالەمدىن ئاشقان.

مەن ـ مەن دىگەن يارەنلەرنىڭ،
ھالىنى سىردىن.

يالغۇز تۇيۇن، يالغۇز جاڭزا،
ئۆزى شياۋخۇزا.
ياتقان يېرى ئالتۇن خادا،
كۇمۇش موخازا.

بۇ قوشاق 1614 - 1688 - يىللاردا قۇمۇلغا داخانبەگ بولغان ئەبەيدۇللا بەگنىڭ زامانىسىدا ئېمىر قېغىنى ماكان تۇتۇپ، قۇمۇل بەگلىكىگە داۋاملىق تەھدىت سېلىۋاتقان جۇڭغار قالماقلىرىدىن كۆنچەك باشچىلىقىدىكى بىر تۇركۇم باسمىچىلار، يالغۇز تۇيۇن ئەتراپىدا ئوما قىلىۋاتقان گۇناسىز 66 نەپەر ئۇيغۇر ياشلىرى ئۇستىگە تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كېلىپ 40 نەپەر ياشنى قەتلى قىلىۋەتكەن. 26 نەپىرى قېچىپ قۇتۇلغان. بۇ ئەھۋالنى ئەبەيدۇللا بەگنىڭ ئەسكەر باشلىقلىرىدىن ئۆمەر باتۇر ئاڭلاپ، باسمىچىلاردىن ئىنتىقام ئېلىشقا ئاتلىنىپ، كۆپ قېتىملىق سوقۇقۇشلاردىن كېيىن كۆنچەكنى تىرىك قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىنى تارمار كەلتۈرگەن. ئىنتىقام يۈزىسىدىن كۆنچەككە ئۆلۈم جازا بېرىپ 40 ياشنىڭ قىساسىنى ئالغان. قوشاقتا ئۆمەر باتۇرنىڭ قەھرىمانلىق ئوبرازىنى ۋە ئۇنىڭ تۆھپىلىرىنى مەدھىيىلەيدۇ.

## 2 - يۇردۇم ئالەمنى كەزدىم

1860 - يىللاردا جۇڭگودا تەيفىن - تىيەنگو ئىنقىلاۋى پارتلاپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە جۇملىدىن مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. شۇڭا مەملىكەت مىقياسىدا خۇيزۇلارنىڭ مەنچىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭلىرى ئارقا - ئارقىدىن يۈز بېرىشكە باشلىدى. شىنجاڭدىمۇ خۇيزۇلار بىلەن ئۇيغۇرلار بىرلىشىپ، مەنچىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتەردى. جۇملىدىن 1863 - يىلى كۇچادىكى ئۇيغۇرلار بىلەن خۇيزۇلار بىرلىشىپ، مەنچىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتىرىپ، راشىدىن خوجىنى خان تىكلىدى. راشىدىن خوجا ئۆزىنى «خان خوجا» دەپ ئاتىدى. ئۇ تىز تەرەققى قىلىپ شىنجاڭنى ئاساسەن ئۆز ھاكىمىيىتى ئاساسىغا كىرگۈزۈۋالدى. قۇمۇل، باركۆللەرنىمۇ مەنچىڭ خاندانلىغىنىڭ خەرىتىسىدىن چىقىرىپ ئۆزىگە قوشۇۋېلىش مەقسىتىدە قوماندانى ئىسساق خوجىنى نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن قۇمۇلغا ئەـ

ۋەتكەن ئىدى. ئىساق خوجا قۇمۇلدا 4 ئاي تۇرۇپ، لۈچۈنگدا تۇرۇشلۇق خانلىق ئەسكەرلەر بىلەن سوقۇشقان بولسىمۇ يېڭەلمىدى. بارىكۆل شەھىرىنىمۇ ئالالماي ئاخىرى بۇ 2 جاينى ئۆز ھالىدا قويۇپ، كۇچارغا قايتتى. ئىساق خوجا قۇمۇلدا تۇرغان مەزگىلدە قۇمۇل خەلقىگە خان خوجا ھەققىدە تەشۋىقات كۆپ بولغاچ قۇمۇل خەلقى ئارىسىدا خان خوجا ھەققىدە مەلۇم تەسىر پەيدا قىلدى.

1866 - يىلى قۇمۇل خۇيزۇلىرى مەنچىڭ خاندانلىقىنىڭ قۇمۇلدىكى كۈچلىرىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتەردى. بۇ قوزغىلاڭدا قۇمۇل ۋېڭىسى بېشىر، ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق خۇيزۇ دايۋەنشۇي تەرىپىدىن قەتلى قىلىنىپ قوزغىلاڭ ئاخىرلاشتى، كۆپ ئۆتمەي يۇننەندە خانغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، مەغلۇپ بولۇپ قاچقان داخۇ، شياۋخۇلار قېچىپ قۇمۇلغا چىققاندا، «بىياگخۇ يېغىلىغى» يۈز بېرىپ، قۇمۇل خەلقى قىرىلدى. تالان - تاراج قىلىندى. خەلق قۇمۇلدىن قېچىپ جەنۇبىي شىنجاڭلاردا سەرگەردان بولدى. قۇمۇل خەلقى جەنۇبىي شىنجاڭغا بارغاندىن كېيىن ياقۇپ بەگ (بە دۆلەت) نىڭ پاراكەندىچىلىكىگە دۇچ كەلدى. بۇ چاغدا ياقۇپ بەگ بىلەن خان خوجا ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇن سوقۇشلار يۈز بېرىپ ئاممە قىرىلدى، قەيەرگىلا بارسا قىرغىنچىلىق، ئۆلۈم ۋەھىمىسىگە ئۇچراپ غەم - ئەندىشىدىن خالى بولالمىدى. شۇ چاغدىكى ۋەزىيەتنى تەسۋىرلەپ مۇنۇ قوشاقلارنى ئېيتقان ئىدى:

خان خوجام توخۇلىرى،
چىلىلىشىدۇ.
مۇستا كارۋان بەگلەر،
يىغلاشىدۇ.

يۇردۇم ئالەمنى كەزدىم،
سورۇدۇم بارچىدا غەم بار.
غەمسىز كىشى ئالەمنى،
ياراتقان خۇدايىم بار.

ئەينى چاغدىكى دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق تۆپەيلى كىشىلەردە بۈگۈننى ئەتىگە ئۇلاشقا كۆزى يەتمەي، ھەممە كىشى ئۆز ھاياتىغا بولغان ئىشەنچىنى يوقاتقان، ئەنە شۇنداق قىيىن شارائىتتا قۇمۇل خەلقى خان خوجا، ئىساق خوجىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىپ پانالانغانلىقى سەۋەپلىك مۇنۇ قوشاقلارنى ئېيتقان.

يارەنلەر يار ئۆلتۈردى،
كۆردىڭلارمۇ؟
ئەندىجان سايىسىدىن
سورۇدۇڭلارمۇ؟

ئەندىجان سايىسىدە،
نەلەر بار ئىكەن؟
خان خوجام دەستارىدا،
گۈللەر بار ئىكەن.

مەن ئۆلسەم ئۆلۈكۈمنى،
تاغدا قويۇڭ.
تاغ يولى يىراق كەلسە،
باغدا قويۇڭ.

1 - كۇبلېتتا ئۆز - ئارا يۈز بېرىۋاتقان قىرغىنچىلىقلارنى ۋە بۇ قىرغىنچىلىقلارنىڭ سەۋەبچىسى ئەندىجان ياقتىن كەلگەنلەر ئىكەنلىكىگە ئىشارەت قىلىدۇ.

2 - كۇبلېتتا ئەنجانلىق — بەدۆلەت بىلەن خان خوجىنى ئۆز - ئارا سېلىشتۇرۇپ خان خوجىنى گۈللەركە ئورالغان كىشى قىلىپ تەسۋىرلەيدۇ.

3 - كۇبلېتتا ئەينى چاغدىكى قىرغىنچىلىقتىن كېلىۋاتقان ئۆلۈم ۋەھىمىسىنى، كىشىلەر بۇ ئۆلۈم ۋەھىمىسى تۈپەيلى ئۆز - ئارا ۋەسىيەت قىلىشىش دەرىجىسىگە يەتكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

قۇمۇل خەلقى دايۇەنشۇەي، بياگخۇ يېغىلىقىغا كەلتۈرۈپ بەرگەن ئېغىر ئاچارچىلىققا دۇچ كېلىپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئاچلىقتىن قىرىلىپ كەتكەن، بىر قىسىملار ئاچلىقتىن «چورىغى قامقاق» دىگەن ياۋا ئۆسۈملۈكنى يەپ ۋاقىتلىق هايات ساقلىغان. ئەنە شۇ چاغدا:

چورىغى دىمەك بىزنى،
ئۈچ يىل تىجىدۇق سىزنى.
ئارپا - پۇرچاق ئاش ئىكەن،
ئۈنچە - مارجان تاش ئىكەن.

دەپ قوشاق قاتقان. شۇ چاغدا ئۈنچە - مارجان، ئالتۇن - كۈمۈش قاتارلىقلارنى ئەتىۋارلاپ، ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرگەن پۇل ئىگىلىرىمۇ، ئاشلىق بولمىسا ئالتۇن، كۈمۈش، ئۈنچە - مارجان قاتارلىقلارنىڭ يېگىلى بولمايدىغان بىر تاشتىنلا ئىبارەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشقان.

شۇنىڭدەك بۇ قېتىمقى قىرغىنچىلىق ئاتىدىن - بالىنى، ئەردىن - ئايالنى جۇدا قىلىۋەتكەن. بۇ ھەقتە:

ئۆلۈپتۇ دەپ ئاڭلىدىم،
يەمشى دىگەن سايلاردا.
كۆز يېشىم دەريا بولدى،
نامازدىگەر چاغلاردا.

قاتارلىق قوشاقلارمۇ ئېيتىلغان. بۇ بىياڭخۇ يىغىلىغىدا بىر ئائىلە كىشىلىرى قاچ - قاچ بولۇپ پاتپاراقچىلىقتا بىر - بىردىن ئايرىلىپ كېتىپ، ئېرى تۇرپاننىڭ يەمشى دىگەن جايىدا ۋاپات بولغانلىغىنى ئاڭلىغان قۇمۇللۇق ئايال ئۆز يولدىشىنىڭ پىراقىدا بۇ قوشاقنى ئېيتقانلىغى ھەققىدە رىۋايەت بار.

3 - شىڭشىڭشا

شامەخسۇت ۋاڭنىڭ زۇلمى ئېغىرلاشقان 1907 - يىلىدا تۇرپاق موللاراجى، خوجامنىياز قاتارلىق تورپاقلار جەمەتى قۇمۇل دىخانلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، شامەخسۇت ۋاڭنىڭ ئېغىر ئالۋاڭ سېلىغىغا قارشى قوزغىلاڭ كوتەردى. بۇ قوزغىلاڭغا تورپاقلار جەمەتىدىن كۆپرەك كىشىلەر يېتەكچى بولغىنى ئۈچۈن «تورپاق قوزغىلىڭى» دەپ ئاتىدى، بۇ قوزغىلاڭ ئۆز نۆۋىتىدە ھۆكۈمرانلار گۇرۇھىنى خېلى دەرىجىدە ئىزتىراپقا سالغان ئىدى.

لېكىن چىڭ خاندانلىغىنىڭ بارىكۆلدە تۇرۇشلۇق ھەربىي ئەمەلدارى يىشىڭفۇنىڭ قولى بىلەن بۇ قوزغىلاڭ رەھىمسىز تۇردە باستۇرۇلۇپ، قوزغىلاڭنىڭ باشلىقلىرى قەتلى قىلىندى. قوزغىلاڭنىڭ ئىشتىراكچىلىرىدىن بىر قىسمى زىندانغا تاشلاندى، چەت جايلارغا سۈرگۈن قىلىندى، بىر قىسىملىرىنىڭ بوينىغا قوۋۇق كەيگۈزۈپ (تاقاق تاقاپ) شەھەر دەرۋازىسىدا ئولتۇرغۇزۇپ نەچچە ئايلار سازايى قىلىندى.

ئەنە شۇ قېتىمقى قوزغىلاڭنىڭ ئىشتىراكچىلىرىدىن بىرى قۇمۇل ناھىيە راھەتباغ يېزىسىنىڭ شامال چاھارباغ مەھەللىسىدىن چىققان يارتا ئابدۇل باقى. ئۇ ئاتىسى

يارتا غوجمەتكە ئەگىشىپ بۇ قوزغىلاڭغا قاتناشقان ئىدى، ئەينى چاغدا يارتا غوجمەت قوزغىلاڭچىلارغا ۋەكىل بولۇپ ئۆلكە باشلىقى يۈەنداخۇاغا شا مەخسۇت ۋاڭ ئۈستىدىن ئەرز ئېيتىپ ئۈرۈمچىگە چىققان ئىدى. ۋاڭ، بەگ، جاڭجۈنلەرنىڭ ھەممىسى بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى بولغىنى ئۈچۈن تورپاق قوزغىلىڭى باستۇرۇلغاندىن كېيىن يۈەنداخۇا يارتا خوجمەتنى تورپانغا سۈرگۈن قىلدى. شامەخسۇت ۋاڭ ئابدۇلباقىغا شىڭشىڭشا بىلەن لوتۇچۈەنزە ئارىلىغىدا 3 يىل خانلىق ھارۋىنى ھايداش جازاسى بەردى. ئەينى چاغدا شىڭشىڭشادا تۇرۇۋاتقان 400 ئاتلىق خانلىق ئەسكەر بولۇپ، بۇلارغا يېمەك، ئوت، بوغۇز قاتارلىقلارنى قۇمۇلدىن 30 ھارۋا بىلەن توشۇيتتى. بۇ ھارۋىلارنى «گۈەنچەي» دەپ ئاتايتتى، بۇنى گۇناھكار بىچارىلەر ھايدايتتى، ئابدۇلباقى ئەمەلىيەتتە 3 يىل ئەمەس، بەلكى شامەخسۇت ۋاڭ ئۆلگەنگە قەدەر ھارۋا ھايدىدى. ئۇنىڭ لوتوچۈەنزىنىڭ غەربى — قۇمۇل تەرەپكە بىر قەدەممۇ ئاياق بېسىشقا رۇخسەت قىلىنمىدى. بۇ جەرياندا زىمىستان قىشنىڭ دەھشەتلىك سوغىقىدا تومۇزنىڭ قايناق ئىسسىق ئاپتىۋىدا، بىر تۇپمۇ گىياسى بولمىغان قاقاس سايدا ئۇ تارتمىغان جاپا - مۇشەققەت، ئۇ كۆرمىگەن زورلۇق - زۇلۇم قالمىدى.

ئەنە شۇ زۇلمەتلىك ھايات ئابدۇلباقىنى سايراشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇ «شىڭشىڭشا» دىگەن ناخشىنى ئاھاڭ، تېكىستلىرى بىلەن ئىجات قىلىپ، ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن زۇلۇم - دەرت - ئەلەملىرىنى بايان قىلىپ زالىم، ھاكىملارغا قارىتا تولۇپ- تاشقان غەزەپ - نەپرىتىنى بىلدۈرۈپ ئاتا - ئانا، بالا، ئائىلىسى، ئەل - يۇرتقا بولغان سېغىنىشىنى ئىپادىلىدى. بۇ ئۇنىڭ زۇلۇمغا، ئادالەتسىزلىككە قارىتا غەزەپ - نەپرىتىنىڭ ساداسى ئىدى. شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ غايەت زور تۆھپىسى نەچچە مىڭ يىللار ھۆكۈم سۈرگەن خانلىقنىڭ يىلتىزىغا پالتا ئۇرۇپ، خاندانلىقنى يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاپ، جۇڭخۇا مىنگونى بەرپا قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگودا، جۈملىدىن شىنجاڭدا زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. ئابدۇلباقىمۇ بۇ ئۆزگىرىشلەردىن بەھرىمەن بولۇپ شىڭشىڭشادىن قايتىپ كەلدى. ئۇ 80 ياشتىن ئوشۇق ئۆمۈر كۆرۈپ ۋاپات بولدى. لېكىن ئۇنىڭ ئىجادى ئۆلمىدى، بەلكى تارىخنىڭ گۇۋاچىسى سۈپىتىدە خەلق ئاغزىدا ياڭراپ بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە كەلدى. ئازاتلىقتىن كېيىن بۇ ناخشا - قوشاقلىرى بىلەن سەھنىلەشتۈرۈلۈپ، خەلق تارتىسى يولداش نەمەت بوسۇقنىڭ ئورۇنلىشىدا قۇمۇل، ئاپتونوم رايون ھەتتا مەركەزنىڭ سەھنىلىرىدە ئوينۇلۇپ تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

بۇ قوشاق مۇنداق:

شىڭ شىڭ شا ئۆزى گوبى،
ئىككى تاغنىڭ ئاراسى.
قۇمۇل يولىغا قاراپ،
ئاقتى كۆزنىڭ قاراسى.

شا مەخسۇتنىڭ دۆلىتى —
شىڭ شىڭ شانى كۆرسەتتى.
ئىككى تال قامچا بېرىپ،
دەنگەن مانى هايداتتى.

شىڭ شىڭ شاغا ماڭغاندا،
ئوڭ قولۇمدىن ئايرىلدىم.
ماڭماي دىسەم قورقىمەن،
خۇدايىمغا يىغلىدىم.

شىڭ شىڭ شاغا ماڭغاندا،
يولدا ئۆلدى ئاتلىرىم.
ئايىغىمغا تاش پېتىپ،
كۆككە يەتتى ئاھلىرىم

شىڭ شىڭ شانىڭ ئۆزىدە،
ئىسسىق - ئىسسىق كاڭلار بار.
شاڭيۇلار ئۆزى يېتىپ،
بىچارىلار تالادا.

ئۈچ يىل هەيدەپ هاراۋىنى،
ئىككى قامچە ئۈتتۈردۈم.
ئەلتۆمۈردە ياتقاندا،
ئاتا - ئانامنى چۈش كۆردۈم.

بۇ زۇلمەتلىك يىللاردا بۇ خىل قوشاقلاردا پېكىرنى ئوچۇق - ئاشكارا بايان قىلىشقا بولمايتتى. ئەگەر ئوچۇق بايان قىلىغاندا چوقۇم بالا - قازالارغا دۇچ كېلىپ تېخىمۇ ئېغىر زۇلمەت ئىچىدە قالاتتى. شۇڭا ئۇ چاغدا كۆپ ھاللاردا پېكىرنى كىنايە بىلەن بايان قىلىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ كىنايىلىك پېكىرنى ئەمگەكچى خەلق ئاممىسى چۈشىنەتتى.

مەسىلەن :

يۇقۇرىدىكى 2 - كوبلىت قوشاقنىڭ 1 - قۇرىدىكى « ۋاڭ غوجامنىڭ دۆلەتى » نى ئالساق «ۋاڭ غوجام»، «دۆلىتى» دىگەن پېكىرلەر كىنايە بولۇپ، ئەسلىدىكى «شامەخسۇتنىڭ زۇلمەتى» دىگەن پېكىرنىڭ ئورنىغا قويۇلغان. شۇ شارائىتتا يوقۇرىدا ئېيتىلغاندەك ئەينى پېكىرنى قويغىلى بولمىغانلىغى رىيال ئەھۋالدۇر، ئازاتلىقتىن كېيىنلا «شامەخسۇتنىڭ زۇلمەتى» دەپ ئەينى پېكىرنى ئوچۇق ئاشكارە ئىپادىلىدۇق .

زىنداندىكى توختاخۇن

تەخمىنەن 1840 - يىللار قۇمۇل ۋاڭلىغىنىڭ فېئوداللىق قائىدە - تۈزۈملىرى كۈچىنى كۆرسىتىۋاتقان مەزگىللەر ئىدى. خوتۇنتام دورغىسى قول ئاستىدىكى ئەمگەكچى خەلققە ئۆز ھۆكۈمرانلىغىنى يۈرگۈزۈشتە قاتتىق بولۇپ، باشقا دورغىلىق جايلارغا نىسبەتەن بۇ جايدا ئېكىسپىلاتاتسىيە ئېغىرراق بولغان سەۋەپلىك خوتۇنتام دورغىسىغا نىسبەتەن خەلقنىڭمۇ قارشىلىغى كۈچلۈك بولغان.

توختاخۇن يېتىم ئۆسكەن بالا بولۇپ، ئۇ يىگىتلىك ياشقا توشقاندىن كېيىن ئۆزىنىڭ يىراقراق تۇققىنى — بەھرامنىيازنىڭ قىزى ئايىسخاننى ياخشى كۆرۈپ، ئۇ قىز بىلەن مۇھەببەتلەشكەن. بەھرامنىياز ئەھۋالنى سەزگەندىن كېيىن مەمنۇنلۇق بىلەن توختاخۇنغا قىزى ئايىسخاننى نىكاھلاپ بېرىپ توختاخۇننى ئۆز ئۆيىدە بالا قىلىۋالغان ئىدى. توختاخۇن بەھرامنىياز بىلەن بىللە ئورىدىنىڭ يىلقىسىنى باققان، ئادالەتسىز زاماندا توختاخۇن نۇرغۇن ئاچچىق - چۈچۈك سەركۈزەشتىلەرنى بېشىدىن كەچۈرگەن. بولۇپمۇ دورغىدىن نۇرغۇن خورلۇقلارنى كورگەن. شۇڭا توختاخۇندا دورغىغا نىسبەتەن ئۆچمەنلىك پەيدا بولغان، توختاخۇن ئۆزىگە ئوخشاش، دەرتمەنلەر بىلەن بىرلىكتە دورغا بىلەن بىر نەچچە رەت بەتمۇ - بەت زاكۇنلاشقان، شۇڭا توختاخۇنغا نىسبەتەن دورغىدا پەيتىنى كۈتۈپ ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش قارا نىيەت پەيدا بولغان، دورغىنىڭ گالۋاڭ ئوغلى توختاخۇننىڭ يولدىشى ئايىسخانغا يولدا توساپ پوخۇرلۇق قىلغاندا ئايىسخان ئۇنىڭغا قاتتىق رەددىيە بەرگەننىڭ

ئۈستىگە، بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان توختاخۇنمۇ ئۇنى توساپ تۇرۇپ قاتتىق تەنبىھ بەرگەن. بۇ ئەلەمگە چىدىمىغان دورغىنىڭ ئوغلى ئاتىسىغا توختاخۇننى يولسىزلىق بىلەن ماڭا زەربە بەردى» دەپ چېقىشتۇرغان. ئاردىن نەچچە ئاي ئۆتۈپ، دورغىنىڭ ئوغلى قاتىللىق قىلىپ بىر ئايالنى ئۆلتۈرۈپ قويغاندا، دورغىنىڭ پىلانى بىلەن توختاخۇننى ئۆلگۈچىنىڭ ئۆيىگە پەت بىلەن باشلاپ كىرىپ، ئەنزىنى توختاخۇنغا ئارتقان. توختاخۇننى «قاتىل» دەپ ئېيىپلاپ ئوردىغا يوللىغان. ئوردىدا ئالدىدا سوراق قىلىپ توختاخۇننى نوم زىندانىغا تاشلىغان. بىر يىلدىن كېيىن قۇربان ھېيتتا نوم خەلقى زىندان ئىچىگە قۇربانلىق گۆش تاشلاپ بەرگەن. توختاخۇن گۆشنى يەپ ئۈستىخانلىرى بىلەن زىنداننى كولاپ تېشىپ قېچىپ چىققان، نوم دورغىسىنى مەسئۇلىيەتتىن قورقۇپ كېچە - كۈندۈزلەپ توختاخۇننى ئىزلەپ تاپالمىغان. ئاخىرى بايىدىن «ئىزچى» (ئىز چارلىغۇچى) بوۋاينى چاقىرىپ كېلىپ ئۇنىڭغا بىر مۇنچە پۇل بېرىپ ئۇنى ئىشقا سالغان، ئىزچى 3 - كۈنى ئاداقىنىڭ مەلۇم جايىدىكى ئورۇپ باغلاپ قويغان چۆپلۈكنىڭ ئارىسىدىن توختاخۇننى تېپىۋېلىپ قايتۇرۇپ زىندانغا سالغان. توختاخۇن مۇشۇ ئەلەمگە چىدىماي «زىندانىدىكى توختاخۇن» دىگەن ناخشىنى ئاھاڭ ھەم تېكىستلىرى بىلەن ئىجات قىلغان، ھەر كۈنى زىندان ئىچىدىن بۇ ناخشا ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرغان. كىشىلەر بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ ئەستە قالدۇرۇپ ئالغان.

توختاخۇن قايتا زىندانغا تاشلانغاندىن كېيىن، قاتتىق ھار ئالغان، زامانىنىڭ ئادالەتسىزلىگىدىن ھەسرەت چەككەن. توختاخۇن ئاخىرى قارانىيەت دورغىنىڭ زىيانكەشلىگىگە ئۇچراپ ئېچىنىشلىق ھالدا ئالەمدىن ئۆتكەن. لېكىن ئۇنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى « زىندانىدىكى توختاخۇن » ناخشىسى قومۇل خەلقى ئارىسىدا ئۈزلۈكسىز ياڭراپ، توختاخۇن كىشىلەر قەلبىدە ياشاپ كەلمەكتە .

قۇمۇلۇمغا كېتىمەن ،
نوملىرىڭ قالسۇن ساڭا.
دۆلىتىڭنى خوشما كۆردۈم،
رۇخسىتىڭ بولسۇن ماڭا.

ئۇلۇغ - ئۇلۇغ سۇ بويىدا،
مەن ئاتلىق ئىدىم.

مەن يارىمنى سېغىنغاندا،
قاناتلىق ئىدىم.

سېغىنادۇرمەن دائىم،
قانچە يىراقتا بولسىلار.
ئاچىلۇرمەن غۇنچە يەڭلىغ،
يانىمدا قاراپ تۇرسىلار.

زىنداندىكى توختاخۇن دەپ
قىنادىڭ مېنى.
قىينىساڭمۇ قىيناۋەرگىن، گۇناھىم نەدۇر،
ئاخىرەتتە سورىغىلى خۇدايىم باردۇر.

## تۆمۈر خەلپە توغرىسىدىكى ناخشىلار

1912 - يىلى قۇمۇل دېھقانلىرى تۆمۈر خەلپە قاتارلىق كىشىلەرنىڭ يېتەكچىلىكىدە شا مەخسۇت ۋاڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتەردى. قوزغىلاڭنىڭ سەۋەبى: بۇ مەزگىلدە ۋاڭنىڭ دېھقانلار ئۈستىدىكى ئالۋاڭ - سېلىقى ئېغىرلاشقان، تاغدىكى «تۆمۈر چارۋۇلىرى» چارۋىچىلارنى ئېغىر دەرىجىدە ھالسىزلاندۇرغان ئىدى. قۇمۇلنىڭ دېھقان - چارۋىچىلىرىنىڭ تاقىتى چېكىگە يېتىپ ۋاڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغۇلۇشقا بانە ئىزدەۋاتاتتى. مانا مۇشۇنداق پەيتتە 1911 - يىلى شىڭخەي ئىنقىلاۋى پارتلاپ نەچچە مىڭ يىللىق خانلىق تۈزۈم ئاغدۇرۇلۇپ جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغان ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئەكسىيەتچى يۈەنشىكەي شىنخەي ئىنقىلاۋىنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى تارتىۋېلىشقا ئورۇنۇۋاتقاندا، ئىلىدىكى ھەربى قىسىملارنىڭ قوماندانى ياڭ زەڭشىن جۇڭخۇا مىنگونى ئېتىراپ قىلىپ، شىنجاڭنىڭ ھەربى، مەمۇرى باشلىقى يۈەن داخۇانى جۇڭخۇا مىنگونى ئېتىراپ قىلىشقا قىستىدى. ئاقىۋەت ياڭ زەڭشىن بىلەن يۈەن داخۇا ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش كېلىپ چىقتى. ياڭ ئەسكەرلىرى يۈەن ئەسكەرلىرىنى قوغلاپ ماناسقىچە كەلگەندە، يۈەن 1 - قىسىم قۇمۇل ۋاڭىدىن ياردەم سوراپ ئىدى. ۋاڭ 200 ئادەم يوللىدى. بۇلار ماناستا بىر ئۇرۇشتا غەلىبە قىلدى. يۈەن 2 - قېتىم قۇمۇل ۋاڭىدىن يەنە 500 ئادەم سورىدى. ۋاڭ مەزكۇر 500 ئەسكەرنى ئالغاندا تۆمۈر باشچىلىقىدا قۇمۇل دېھقانلىرى ۋاڭ ھاكىمىيىتىگە ۋە يۈەننىڭ ئەسكەر ئېلىشىغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتەردى. يۈەن داخۇا

بارىكۆل چىگىتەي يېشىڭفۇغا بۇيرۇق بېرىپ قوزغىلاڭنى ئۇجۇقتۇرۇۋەتمەكچى بولغان ئىدى. لېكىن قوزغىلاڭچىلار يېشىڭفۇنى ئەسكىرى بىلەن تار - مار قىلىۋەتتى. ئاندىن كېيىن چەنگۋاڭخۇەن قوماندانلىغىدا 500 ئەسكەرنى تۆمۈرگە قارشى ئات-لاندۇردى. چەن گۇاڭخۇەن قوشۇنلىرى تۆمۈر بىلەن كۆپ قېتىم ئۇرۇش قىلىپ چەن گۇاڭخۇەن مەغلۇپ بولدى. بۇ چاغدا يۋەن داخۇا ئۆلكە باشلىقلىق ۋەزىپە-لىرىنى تاشلاپ ئىچكى ئۆلكىگە كەتتى. ياڭ زېڭشىنىڭ شىنجاڭنىڭ ئۆلكە باشلىغى بولدى. ياڭ زېڭشىنىڭ تومۇرنى قورال كۈچى بىلەن ئەمەس، سۈلھى بىلەن يۇمشىتىپ، ھىلە - مىكىر بىلەن قولغا كەلتۈرۈپ قوزغىلاڭنى بېسىقتۇرۇشنى قەستلىدى. ئۇ خۇيزۇ يىڭجاڭى لى شۇفۇنى قومۇلغا ئېۋەتتى. لى شۇفۇ تۆمۈر ئالدىدا قۇرئان تۇتۇپ قەسەم بېرىپ ئالداپ تۆمۈرنى ئۈرۈمچىگە ئېلىپ چىققاندىن كېيىن ياڭ زېڭشىنىڭ تۆمۈرنى قەتلى قىلدى. قوزغىلاڭنى بېسىقتۇرۇپ تاشلىدى.

قۇمۇل خەلقى قەھرىمان تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ باشچىلىغىدىكى قوزغىلاڭغا قات-ناشقان قەھرىمان پەرزەنتلىرىنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىنى ئەسلەپ ۋە ئۇلارنى مەد-ھىيلەپ بىر يۈرۈش ناخشا - قوشاقلارنى ئىجات قىلدى. بۇلاردىن مىسال تە-رىقىسىدە بىر نەچچە قوشاقنى كۆرۈپ باقايلى:

ئۈچ كۈرە بۇغداي ئۇن تارتتۇق،
ھەممە خەققە ئاش بولدى.
تۆمۈر خەلپە رەھمەتلىك،
ئۇن ئىككى ئاتقا باش بولدى.

تۆمۈر خەلپە تەۋرىدى،
ئاسماندىكى يۇلتۇزدەك.
چەندارىننى ئويلاتتى،
جاڭگالدىكى توڭگۇزدەك.

يۋەن داشۇەيمۇ كەلگەندە،
تولا سوقتى داڭ - داڭنى.
تاغچىلارمۇ ئەر ئىكەن،
تارتىپ ئالدى جۇڭجاڭنى.

تۆمۈرنى ئېلىپ چىقىپ،
ئاتمىش يەردىن چاپتۇردى.
چىڭ ۋاڭ خوجام بىر پاشا
جۇڭجاڭنىما تاپتۇردى.

ئۈرۈمچىنىڭ يولىدا،
ئاتمىش يەردە بۇلاق بار.
تۆمۈرنى ئېلىپ چىقسا،
ئاتمىش يەردە سوراق بار.

قوراي يولى ھەيۋەتلىك،
ئۈنىڭ ئىچى زارەتلىك.
مۇرادىغا يەتمىگەن،
تۆمۈر خەلپە رەھمەتلىك.

ئۇندىن باشقا يەنە «ئاللىيەي شەرۋازەي»، «شەرى خۇمارەي»، «ئالمىغان»، «قاردۆۋىچى گۈلدەسخان»، «دازىگو سەرۋەك ئارا»، «جەرەيىيە»، قاتارلىق ناخشا ـ قوشاقلارنىڭ ھەر قايسىسى مۇئەييەن بىر تارىخىي شارائىتتا يۈز بەرگەن بىرەر ۋەقە، ھادىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان بۇ قوشاقلار خەلق ئاغزىدا ناخشا بولۇپ ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

كېرەكلىك ئوزۇقلۇقنى قوبۇل قىلالايدىغان كىشى كۆپ يەيدىغان ئادەمدىن ساغلام بولىدۇ.
ھەقىقى ئالىم تولا چاغلاردا كۆپ كىتاب كۆرگۈچى بولماستىن، بەلكى كېرەكلىك كىتاب كۆرگۈچىدۇر.
ئارستىپپوس (قەدىمقى گىرىك پەيلاسوپى)

# قەدىمقى تۈركى تىلىدىكى تەبىرنامە نەزمى ئەسەر

## ۋ. ئى. ستېبلېۋا

تۈركى تىلىدىكى ئېغىز ئىجادىيىدا ئەدەبىياتىنىڭ شۇنداق بىر تۈرى باركى، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئەھمىيىتى تولۇق تەتقىق قىلىندى دېيىشكە بولمىسا كېرەك. ئۇ بولسىمۇ تۈركى تىلىدىكى تەبىر نامە تېكىستىدۇر. تەتقىقاتچىلار ئۇلارنىڭ تىلى ئۇر فوگىراپىيىسى ۋە قەغىزىنىڭ سۈپىتىگە ئاساسەن ئۇلارنى ئوخشىمىغان دەۋرلەرگە باغلايدۇ. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇ تەبىر نامىلار ئىچىدە رونىك يېزىقىدا يېزىلغانلىرى بىر قەدەر چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولسا كېرەك. بۇ كىتاپ سېتېين تەرىپىدىن دۈڭخۇاڭدىن تېپىلغان، ۋ. تومسېن ئۇنى تۇنجى قېتىم تەرجىمە قىلغان ۋە تەتقىق قىلغان.

كىتاپنىڭ تېكىستى 65 باپتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ھەر بىر باپ «بۇ ياخشى» ياكى بۇ «يامان» دېگەن خۇلاسە - ھۆكۈم بىلەن ئاياقلاشقان. بىز كىتاپ تېكىستىنى تەپسىلى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭ كۆلتېگىن قەۋرە تېشىدىكى چوڭ - كىچىك ئابىدە تېكىستلىرى بىلەن ئوخشىشىدىغانلىغىنى بايقىدۇق ۋە قەدىمقى تۈركى تىلدىكى داستانلارنىڭ نەزمى شەكلىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ، ئۇنىڭ بىزگە تونۇش بولغان شېئىرى فورمىسىنى ھاسىل قىلدۇق بىز بۇ رونىك يېزىقىدىكى كىتاپ تېكىستىنى شېئىرى مىسرالارغا ئايرىغىنىمىزدا، خۇددى كۆلتېگىن، تونيۇقۇق ۋە بىلگى خاقان توغرىسىدىكى تېكىستلاردىكىگە ئوخشاش، ئاساسەن ئۈچ مىسرا ۋە تۆت مىسرالىق بېيىتلارغا ئايرىلدى. بۇنىڭدا يەنە خېلى كۆپ ساندا بەش مىسرالىق بېيىتلار بولسىمۇ. لېكىن ماھىيەتتە ئۇلار «بىلىڭلاركى، بۇ ياخشى (ياكى يامان)» دېگەن خۇلاسە بىلەن ئاياقلاشقان بىر پۈتۈن پىكىرنى بىلدۈرىدىغان تۆت مىسرالىق شېئىرلاردىنلا ئىبارەت. مەسىلەن: 60 - 56، 178، 174، 242، 238، 307، 303 قاتارلىق بېيىتلار، بۇ تەبىر نامە تېكىستلىرىنىڭ قەدىمقى تۈركى تىلىدىكى داستانلارنىڭ تېكىستلىرىغا ئوخشىشىدى-

غانلىغى، ئۇنىڭ ھەر بىر بابىنىڭ بايان قىسمىدا ئالاھىدە ئېنىق كۆرۈلىدۇ. مەسىلەن،
15 - بابى «يۇقۇرىدا بۇلۇت تۆۋەندە توزاڭ» دىگەن ئىككى مىسرادىن باشلانغان.
ئارقىدىن «قۇشلار ئۇچتى، يولدىن ئازدى. ھايۋانلار قاچتى، يولدىن ئازدى.
ئادەملەر ماڭدى، يولدىن ئازدى» دىگەن ئۈچ مىسرالىق بېيىت بىلەن ئاساسى
مەزمۇن بايان قىلىنغان ۋە ئاخىرى مۇرۇۋۋەتلىك خۇلاسە - ھۆكۈم: «قايىتا تەڭرى-
نىڭ ئىلتىپاتى بىلەن ئۈچىنچى يىلى ئۇلارنىڭ ھەممىسى ساق - سالامەت، ئامان-
ئېسەن بىر - بىرى بىلەن دىدار كۆرۈشتى. ھەممە شاتلىققا چۆمدى، ۋە سۆيىندى،
ئېيتىدۇركى، (بىلىڭلاركى،) بۇ ياخشى» (85 - 77) دىگەن تۆت مىسرالىق بېيىت
بىلەن ئاياقلاشقان. بىز بۇنى كۆلتېگىن قەۋرە تېشىدىكى كىچىك ئابىدىنىڭ 3 - تېكىس-
تى بىلەن سېلىشتۇرساق، ئۇ «بۇ، تۈرك خاقانى ھازىرقىدەك چىرىكلەشمىگەن ئىدى.
ئولتۇرسا ئۇ، ئۇتيۇكېنىنىڭ ئاۋام خەلقى ئىچىدە، دۆلەتتىمۇ قورۇنۇش يوق ئىدى»
دىگەن ئىككى مىسرا بىلەن باشلىنىپ، ئارقىدىن: «لەشكەر تارتىپ، شانتۇڭ دالا-
سىغىچە باردىم. دېڭىز بويىغا ئازلا قالدىم. ئوڭ تەرەپتە، توققۇز ئېرسەنگىچە
باردىم. تىبەتكە يېتىشكە ئازلا قالدىم» دىگەن ئۈچ مىسرا بىلەن ئاساسى مەز-
مۇن - ھەربى يۈرۈشلەر بايان قىلىنغان. ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت مىسرادىمۇ
تۈركى خەلقلىرىنىڭ ھەربى يۈرۈشلىرى سۆزلەنگەن ۋە ئاخىرى «قايىتىشىمدا
يەنچۇ دەرياسىدىن ئۆتۈپ، لەشكەر تارتىپ تۆمۈر دەرۋازىغىچە باردىم. سول
تەرەپتە، لەشكەر تارتىپ ئىبىر - بايىرقۇ ئېلىگىچە باردىم. مەن قانچە ئەللەرگە
باردىم!» دەپ ئاياقلاشقان. كىتاپنىڭ 17 - (102 - 94 مىسرالار)، 24 - (140 -
135)، 28 - (160 - 155) باپ تېكىستلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىمۇ ئەنە شۇنىڭغا ئوخشى-
شىدۇ. بەزى چاغلاردا تېكىستى ئىككى ئەمەس، ئۈچ مىسرا بىلەن باشلانغان:
«ئادەم جەڭگە ئاتلاندى. يولدا ئېتى ھالىدىن كەتتى. ئۇ (ئادەم) ئاققۇ بىلەن
ئۇچراشتى» (35 - باپ 194 - 192 - مىسرالار) ئارقىدىن ئۇلۇشۇپ كەلگەن تۆت مىسرادا
ئاققۇنىڭ ئۇ ئادەمنى ئۆز قانىتى ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇنى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىغا
ئاپىرىپ قويغانلىقى بايان قىلىنغان ۋە ئاخىرىدا: «بىلىڭلاركى، بۇ ياخشى» دىگەن
خۇلاسە مىسرا بىلەن ئاياقلاشقان. بەزى ئەھۋاللاردا تېكىستنىڭ باشلىنىش مىسرالىرى
ئاخىردىكى مىسرالار بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ، تۆت مىسرا بىلەن بېرىلگەن: «ئەركەك
بۇغرامەن. باكتىرىيە - ئەرەپ نەسلىدىن. يۇرقۇيمەن ئاغزىمدىن ئاق كۆۋۈك.
يوقۇرىدا پەلەككە يېتەر، تۆۋەندە يەرگە كىرەر» (20 - باپ، 118 - 115 مىسرالار).

مەيلى ئايرىم بېيىتلاردا باشلىغۇچى مىسرالارنىڭ بولۇش - بولماسلىقى،
بابلارنىڭ ئۇزۇن ياكى قىسقا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر. باپ تېكىستلىرىنىڭ بەدىئى

تۇزۇلۇشى تامامەن ئوخشاش. (1) باشلىنغۇچى مىسرا. (2) تىڭشىغۇچىنى ئاخىرى ياخشى ياكى يامان يەكۇنگە يېتەكلىگۈچى بايانداۇر (3) يەكۇن مەسىلەن، پۈتۈن باپ تۆت مىسرالىق بېيىتلاردىن تەركىپ تاپقان ئەھۋالنى كۆرەيلى: بىر قېرى ئۆكۈزنى چۇمۆلىلەر يەپتۇ. ئۇ، يۆتكىلىشكە مادارى يوق، ئورنىدا تۇرۇپتۇ بىلىڭلاركى، بۇ يامان» (204 - 207 مىسرالار). ياكى ئۈچ مىسرالىقلاردىن تۈزۈلگەن بابنى ئالايلى: «ئاتىنىڭ پۇتىنى خاتا چۇشەپ قويۇپتۇ. ئېيتىدۇر، ئۇ قوزغىلالماي تۇرۇپتۇ. بىلىڭلاركى، بۇ يامان» (212 - 214 مىسرالار).

بېيىت مىسرالىرىنىڭ بوغۇم تۈزۈلىشى ئوخشاش ئەمەس. يەتتە بوغۇملۇق ۋە سەككىز بوغۇملۇق مىسرالار كۆپ سانىنى ئىگەللەيدۇ. ئەڭ تۆۋەن بولغانلىرى 4 بوغۇمدىن، ئەڭ يۇقىرى بولغانلىرى 11 بوغۇمدىن تۈزۈلگەن. (13 بوغۇملۇق مىسرا پەقەت بىرلا يەردە ئۇچرايدۇ). بېيىت مىسرالىرى نىسبى تەڭ بوغۇملۇق پرىنسىپى ئاساسىدا قۇرۇلغان بولۇپ، مىسرالاردا بوغۇم سانى مۇنداق نۆۋەتلەشكەن: 8-5-8 (1 - 4 مىسرالار)؛ 8 - 7 - 6 - 8 (5 - 8 مىسرالار)؛ 7 - 6 - 4 - 4 (9 - 12 مىسرالاردا)؛ 9 - 9 8 -6 (52 - 55 مىسرالاردا)؛ 8 - 6 - 5 - 5 (65 -68 مىسرالاردا)؛ ئارىلاپ يەنە تەڭ بوغۇملۇق مىسرالارمۇ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، 41 - باب مىسرالىرى ئاساسەن 6 بوغۇمدىن تۈزۈلگەن: 6 - 7 - 6 (ئۈچ مىسرالىق)، 7 - 6 - 6 - 6 - 6 - (تۆت مىسرالىق) شېئىرلارغا خۇلاسە مىسرا قوشۇلغان).

خۇددى قەدىمقى تۈركى تىلىدىكى داستانلاردىكىگە ئوخشاش، بۇ كىتاب تېكىستىدىمۇ بېيىتلارنىڭ تاۋۇش تۈزۈلۈشى ئاللىتىراتسىيە (1) سىستېمىسى بويىچە بېرىلگەن. تېكىستتىن قارىغاندا، بېيىت بېشىدىكى ئاللىتىراتسىيىنىڭ ئۆلچەملىك بولۇشى ئۇلارنى بېيىتلارغا ئايرىش رولىنى ئۆتەيدىغانلىقى ناھايىتى روشەن كۆرۈنىدۇ. ئاللىتىراتسىيىنىڭ ئۆلچەملىك رولى شۇنىڭدا ئىپادىلىنىدىكى، بېيىتلارنىڭ رېتىمى بېيىت مىسرالىرىنىڭ تاۋۇش جەھەتتىكى ئوخشاشلىقى بىلەن بەلگىلەنگەن. قەدىمقى تۈركى تىلىدىكى داستانلارغا سېلىشتۇرغاندا، بۇ كىتاپتىكى بېيىت مىسرالىرىنىڭ ئاللىتىراتسىيەلىنىشى بىرقەدەر تەدرىجى بولۇپ، بىر - ئىككى مىسرا بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان. مەسىلەن، كىتابنىڭ 3 - بابىدىكى بېيىتنى ئالساق، ئۇنىڭ بېشى بۇنداق ئاللىتىراتسىيىلەنگەن: - ب ئا بئا - ئا - ئا ئا - ئا. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بىز بۇ باپتا سۆز بېشىدىكى ئوخشاش ئۈزۈك ياكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ

(1) ئاللىتىراتسىيە — شېئىر مىسرالىرىدا سۆز ياكى بوغۇملارنىڭ باش ھەرپىنىڭ ئوخشاش ياكى ئاھاڭداش تاۋۇشلار بىلەن كېلىشى.

تەكرارلىنىشى بىلەن بىر پۈتۈن سەككىز مىسرالىق بېيىتنىڭ ئاللىتېراتسىيىلىك باغلىنىشى شەكىللىنىپ، بىر پۈتۈنلۈكنى ھاسىل قىلغان: a – a – s – b – b – ab – b؛ شۇنداقلا، ئاللىتېراتسىيىلەنگەن سۆزلەر ئۇلاردا ھەرگىزمۇ يېنىسەي قەۋرە تاشلىرىدىكى تېكىستلاردىكىدەك بىر سۆزنىڭ تەكرارلىنىشى بولماستىن، ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن تاللانغان. بۇ كىتاپتىكى بېيىتلارنىڭ ئىچىدە بىر مىسراسىدىن باشقا مىسرالىرىنىڭ ھەممىسى ئاللىتېراتسىيىلەنگەن بېيىتلار خېلى كۆپ سانىنى ئىگەللەيدۇ. ئاللىتېراتسىيىلەنمىگەن مىسرالار، قارىغاندا، بېيىتتا ئىختىيارى يوسۇندا ھەر خىل ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، مەسىلەن: ئا – ئا – ئا – – ب (9 – 12 – مىسرالار)، ئا – ئا – ئا – ب – ئا – (38 – 42)، ئا – ب – ئا – ئا – ئا (56 – 60)، ئا – ئا – ب (74-76)، ئا – ب – ئا (103 – 205) ۋە باشقىلار. قالغان ئەھۋاللاردا بېيىت مىسرالىرى ئۇدا، ئاتلاپ ياكى ئومۇمىيۈزلۈك ئاللىتېراتسىيىلەنگەن. مەسىلەن، ئا – ب – س – س. (61 – 64)؛ ئا – ئا – ب – ب – ب (150 – 154)، (321 – 324)، (126 – 139) (4 – 11) (174 – 178) ۋە باشقىلار. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە باشقا مىسرالىرى ئاللىتېراتسىيىلەنگەن بېيىتلارمۇ بار.

ئاپتورنىڭ بىر قاتار ئاللىتېراتسىيىلەنگەن سۆزلەرنى تاللاپ ئىشلىتىشى ئۇنىڭ بەلگىلىك ئىستېتىكىلىق قائىدىگە رىئايە قىلغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن، تۆۋەندىكى بىر قانچە مىسرالارنى كۆرۈپ باقايلى:

بوز بۇلۇت يورىدى
بۇدۇن ئۆزە ياغدى
قارا بۇلۇت يورىدى
قامىغ ئۆزە ياغدى (294 – 297)

يەشمىسى: بوز بۇلۇت كەلسە
خەلققە يامغۇر ياغىدۇ،
قارا بۇلۇت كەلسە
ھەممىگە (پۈتۈن ئەتراپقا) يامغۇر ياغىدۇ.

بۇ بېيىتتە بۇدۇن («خەلق» دېگەن سۆزنىڭ) «بوز» دېگەن سۆز بىلەن ئوخشاشلا قامىغ («ھەممە» دېگەن سۆزنىڭ) ئۆز نۆۋىتىدە قارا دېگەن سۆزگە ئاللىتېراتسىيىلەشتۈرۈلۈپ ئىشلىتىلگەن.

سۆزلەر ئۆز ئارا ئاللىتىراتسىيىلىنىش بىلەن، تۇراق — قاپىيەنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىز يېرىدە بېيىت رېتىمىگە ئاھاڭداشلىق تۈسىنى بېرىدۇ. مەسىلەن، تۆۋەندىكى مىسرانىي تۇراقلارغا ئايرىغىنىمىزدا، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاھاڭ جەھەتتە مۇناسىۋەتنىڭ بارلىقىنى كۆرىمىز.

تۇغان قۇش تەگرىدىن قودى

تابىشغان تىيەن قاپىمىش

(243 - 244)

بۇ مىسالدا، بىرىنچى مىسرادىكى ئۈچ تۇراقنىڭ ئىككىنچى مىسرا تۇراقلىرى بىلەن ئاللىتىراتسىيىلەنگەنلىگىنى، ئىككىنچى مىسرانىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى تۇراقلىرى ئۇزۇك تاۋۇش «ت» نىڭ تەكرارلىنىشى بىلەن باغلانغانلىغىنى كۆرىمىز. يەنە بىر مىسالنى ئالساق:

قوزغۇنۇغ يغاچقا بامىش

قاتىغتى بائەدگۈتى باتىر

بۇنىڭدا ئىككىلا مىسرانىڭ 1 - ۋە 3 - تۇراقلىرى، 2 - مىسرانىڭ 2 - ۋە 3 - تۇراقلىرى ئۆز - ئارا ئاللىتىراتسىيىلەنگەن. يەنە بىر مىسال:

تىغ ئات قۇدرۇگىن تۇگۇپ تىگرەت

يازىغ قۇدى يادرات

(278 - 279)

بۇنىڭدا ئىككىلا مىسرانىڭ 1 - 3 - تۇراقلىرى، 1 - ۋە 2 - مىسرالارنىڭ 2 - تۇراقلىرى ئۆز ئارا ئاللىتىراتسىيىلەنگەن.

بۇنىڭدىن باشقا يەنە مىسرانىڭ ھەممە تۇراقلىرى ئاللىتىراتسىيىلىنىش ئارقىلىق باغلانغان ئەھۋاللارمۇ بار. مەسىلەن:

تەبە تىتىگكە تۇشمىش

(256)

بۇنىڭدا ئۇزۇك تاۋۇش ت تەكرارلانغاندىن باشقا بارلىق تۇراقلىرىدا ئاھاڭداش تىل ئالدى سوزۇق تاۋۇش بىلەن بېرىلگەن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە مىسرادا

پەقەت ئىككىلا تۇراقنىڭ ئاللىتېراتسىيىلەنگەن ئەھۋالىرمۇ ئاز ئەمەس:

ئويمان ئەر ئوغلانىن كىشىسىن (162)
ساردىغ ئاتلىغ سابچى (161)
يازىغ ئاتلىغ يالاباچ (62)

كېيىنكى ئىككى مىسرادا سۆزلەرنىڭ زورمۇزو تاللانغانلىغى ناھايىتى ئېنىق. بۇنىڭ مەنىسى: «سېرىق ئات مىنگەن خەۋەرچى قاشقا ئات مىنگەن ئەلچى» بولۇپ، «خەۋەرچى» — سابچى دىگەن سۆز «سېرىق» — سارىغ دىگەن سۆزگە «ئەلچى» — يالاباچ (ئەلچى دىگەن سۆز) يازىغ «قاشقا ئات» سۆزى بىلەن ئاللىتېراتسىيىلەنگەن. ئەگەر ئاپتور بۇ يەردە ئاللىتېراتسىيە قائىدىلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمىغان بولسا، ئۇچاغدا بۇ مىسرالارنى:

سارىغ ئاتلىغ يالاباچ يازىغ ئاتلىغ سابچى
دەپ يازغانمۇ بولاتتى.

بۇنىڭغا ئوخشاغان مىسالار كىتاپنىڭ پەقەت بىرلا يېرىدە ئۇچرىمايدۇ. مەسىلەن: ئۇنىڭ 18 بابىدا بىز يەنە شۇنداق مىسرالارنى كۆرىمىز.

كۆزۈنۈككى نەتەگ كۆرۈكلۈگ ئول (105)
ئەگنى نەتەگ ئەدگۈ ئول (106)
بايىشى نەتەگ بار ئول تىر (107)

بۇ مىسرالاردىكى 1-تۇراقلارنىڭ 3-تۇراقلار بىلەن ئاللىتېراتسىيىلىنىشى ھەرگىزمۇ تەساددىپى ئەمەس. ئاپتور قارا ئۆي ئىچىدىكى نەرسىلەرنى تەسۋىرلىگەندە مەقسەتلىك ھالدا سۆزلەرنىڭ تاۋۇش جەھەتتىكى تەسىرىگە ئەھمىيەت بېرىپ: كۆزۈنۈككى (دەرىزە)، كۆرۈكلۈگ (چىرايلىق) ئەگنى (تاملىرى) ئەدگۈ (ياخشى) باغشى (شوينا) بار (باغلاش) دىگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى ئىشلەتكەن. ئاپتور يەنە بۇغىنىڭ پۇتلىرىنى تەسۋىرلەشتە بادىز تىز (پۇتلىرى كىلىشكەن) دىگەن سۆزلەرنى قىياتاش تەسۋىرىدە كۆرۈكلۈگ قايا (گۈزەل قىيا تاشلار) دىگەن سۆزلەرنى ئىشلىتىش بىلەن مەلۇم قائىدىگە رىئايە قىلغان.

مەزمۇن جەھەتتە كىتاپ تېكستى تۆت گورۇپپىغا ئايرىلىدۇ.

(1) ئادەم ۋە ھايۋاناتلار ھاياتىدىن ئېلىنغان رېيال كۆرۈنۈشلەر.

(2) تەبىئەت تەسۋىرلىرى. (3) ئەپسانە ۋە راۋايەت تىپىدىكى سيۇژېتلار. (4) مەسەل ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەر.

بىرىنچى گۇرۇپپىغا ياتىدىغان تېكىستلەرگە تۆۋەندىكى بېيىتنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ: «ئېيىق بىلەن قاۋان داۋاندا بىر - بىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. ئېيىقنىڭ قارنى يېرىلدى، قاۋاننىڭ چىشى سۇندى، ئېيتىدۇر (بىلگىلار) كى بۇ يامان» (38 - 42). يەنە، مەسىلەن، ئىنچىكىلىك ۋە ئېنىقلىقنىڭ مىسالى بولغان بۇ بىر مىسرانى كۆرەيلى: «لاچىن كۆكتىن تۆۋەنگە شۇڭغۇپ، دېدى: «توشقان!»، (ئۇنى) تۇتتى. لاچىن پۇتلىرىنى بىردە سۇنۇپ، بىردە يىغدى. لاچىننىڭ تىرناقلىرى (توشقاننى) قامىلىدى. ئۇ كۆككە كۆتىرىلدى. ئۇچتى. توشقاننىڭ تېرىسى پارچە - پارچە بولۇپ، كۆكتە ئۇچتى، ئۇ، شۇنداق قاچتى، ئېيتىدۇر (بىلگىلار) كى، «بۇ يامان» (243 - 251)

ئاپتور ئەسىرىدە ھەر خىل ئۆي ۋە ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تەسۋىرىنى بېرىش بىلەن بىرگە، يەنە ھەر خىل قىياپەتتىكى ئادەملەرنىڭ تەسۋىرىنىمۇ بەرگەن. مەسىلەن، شىكار ياكى جەڭگە ئاتلانغان خان، ئىش ئىزلەپ ماڭغان گاداي، قىمارغا چۈشكەن قىماۋاز، ئەينىكىنى كۆلگە چۈشۈرۈۋەتكەن خاتۇن ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار.

كىتابنىڭ 2 - گۇرۇپپا تېكىستلىرىدە ئەپسانىۋى سيۇژېتلار ۋە تەڭرىلەر تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلار ئادەملەرگە بەخت بېغىشلايدۇ. ناھايىتى روشەنكى، ئەينى ۋاقىتتا كىشىلەر شۇ تەڭرىلەرگە ئېتىقات قىلغان، ئۇلار كىشىلەرنىڭ ئۇتۇق ياكى ئوڭۇشسىزلىقلىرىغا تەسىر كۆرسەتكەن. مەسىلەن «قۇل بەگكە ئىلتىجا قىلدى، قۇزغۇن ئاسمانغا يالۋۇردى. ئاسماندا تەڭرى ئۇنى ئاڭلىدى، يەردە ئادەم ئۇنى بىلدى. ...» (303 - 306) دېگەن مىسرالارنى قەدىمقى تۈركىي خەلقلىرىنىڭ باش خۇداسى - ئاسمان خۇداسىغا قارىتىلغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ، ئۇ، ئورخۇن تېكىستلىرىدىمۇ خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. كىتابنىڭ 209 - مىسراسىدىكى: «ئاسمان ئۇنىڭغا پانا بولمىغاچ ...» دېگەن مىسرامۇ ئۇنى ئىسپاتلايدۇ.

كىتابتىكى ھېكايە سيۇژېتلىرىدىن تۆۋەندىكى ئىككىسى ئالاھىدە قىزىقارلىق. ھەممىگە مەلۇم، دەۋرلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تۈركىي خەلقلىرىنىڭ چۆچەكلىرىدە ئىران ۋە ئەرەپ ئەپسانىلىرىدىكى ھېكمەتلىك قۇشلارنىڭ ئوبرازلىرى مۇقىم ئورۇننى ئىگىلىگەن، بۇ قۇشلار (كۆپۈنچە سۇمرۇق بىلەن زۇمرەت) ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ ئاجايىباتلارنى ئىزدەش يولىدىكى سەرگۈزەشتلىرىدە ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھېكمەتلىك قۇشلار توغرىسىدىكى بۇ ئېپىزوتلار

موقىم شەكىل بويىچە بىر چوچەكتىن يەنە بىر چۆچەككە يۆتكىلىدۇ. بۇ ئېپىزوتلار
نىڭ بىرىنچى قىسمىدا قەھرىمان سۇمرۇق (ياكى زۇمرەت) نىڭ بالاپانلىرىنى
قۇتۇلدۇرسا، ئىككىنچى قىسمىدا ئۇلار تەشەككۇر بىلدۇرۇش يۈزىسىدىن قەھرىمان-
نى ئۇستىگە ئېلىپ، ئۇنى قانداقتۇر بىر خىيالى دۇنيادىن ئۆز - يۇرتىغا ئاپىرىپ
قويىدۇ. مەسىلەن، كىتاپنىڭ 35 - بابىدا بىز شۇنداق مىسرالارنى ئۇچرىتىمىز:
«ئادەم جەڭگە ماڭدى (يولدا ئېتى ھالىدىن كەتتى.) ئۇ، ئاققۇ بىلەن ئۇچراشتى
(ئاققۇ ئۇنى قانىتى ئۇستىگە ئېلىپ كۆككە كۆتىرىلىپ، يولغا راۋان بولدى) ئاققۇ
ئۇنى ئاتا - ئانىسى يېنىغا يەتكۇزۇپ قويدى. (ئاتا - ئانىسى خوشاللىقتا چۆمدى)
تاماشا قىلدى، ئېيتىدۇر (بىلىڭلار) كى، «بۇ ياخشى» بۇنىڭدىن سىيۇژىت جەھەتتىكى
ئوخشاشلىقنى كۆرۈۋېلىش قىيىن ئەمەس. تۇركى خەلقلىرىنىڭ كېيىنكى دەۋرلەرگە
ئائىت چۆچەكلىرىدە نامى تۇركچە بولمىغان ھىكمەتلىك قۇشلارنىڭ قىلىدىغان
ئىشلىرىنى، قەدىمقى تۇركى تىللىرىدىكى تېكىستلاردا «قۇش - ئاققۇ» (قوغۇ قۇش)
بېجىرىدۇ. بۇلاردا پەقەت ئۇنىڭ ئادەمگە ئات ئورنىدا خىزمەت قىلىشى خىيالىلاش-
تۇرۇلغان. ئەپسوسكى، تۇركى خەلقلىرى بىلەن ئىران خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى
مەدىنى ئالاقە ناھايىتى قەدىمى دەۋرلەرگە بېرىپ تاقىلىدىغانلىقى ۋە تولۇق
تەتقىق قىلىنمىغانلىقى ئۇچۇن، تۇركى چۆچەكلىرىدىكى بۇ قۇشلار ئوبرازىنىڭ
قانچىلىك مۇستەقىللىقتا ئىگە ئىكەنلىكى توغرىسىدا بىر نىمە دىيىش ناھايىتى
قىيىن. لېكىن شۇنداقتىمۇ بۇ قۇشلار ئوبرازىنىڭ تۇركى خەلقلىرى مۇھىتىدا
تۇتىمىزىمنىڭ ساداسى سۈپىتىدە خېلىلا مۇستەقىللىقتا ئىگە ئىكەنلىكى، ئەڭ بولمى-
غاندا، ئۇلارنىڭ قەدىمقى تۇركى تىلى ئەدەبىياتىدا ئۆزىگە خاسناملار بىلەن
ئاتىلىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

كىتاپنىڭ 40 - بابىدىكى: «جەسۇر يىگىت (بالا) نەيزە (ۋە) ئوقيا بىلەن،
قىيا تاشلارنى يېرىپ، تەنھا يول يۇردى. ئېيتىدۇر. ئۇ شۇنداق جەسۇر ئىدى!
بىلىڭلاركى بۇ ياخشى» دىگەن مىسرالاردىن، بىز بۇ پېرسوناژىنىڭ تۇركى خەلق-
لىرىنىڭ چۆچەك ۋە ئېپوسلىرىدىكى تەنھا نى - نى باتۇرلۇقلارنى قىلىدىغان
قەھرىمانلار ئوبرازى بىلەن ئوخشىشىدىغانلىقىنى كۆرۈمىز.

كىتاپتىكى تەبىئەت تەسۋىرلىرى (3 - گۇرۇپپىدىكى تېكىستلار) ئانچە تەپ-
سىلى ئەمەس. مەسىلەن: «تاڭ ئېتىپ (يەر يورىدى) كۈن چىقتى، جىمى جاھان
نۇرغا تولدى، ئېيتىدۇر (بىلىڭلاركى) بۇ ياخشى» (26 - باب). بەزى يەرلەردە
ئاپتور تەبىئەت تەسۋىرلىرىدىن ئۆزىنىڭ ئادەملەر توغرىسىدىكى ئوي - پىكىر-
لىرىنى بايان قىلىشتىكى ۋاستە سۈپىتىدە پايدىلانغان، مەسىلەن، «ئادەم قايغۇغا

چۈمىدى، ئاسماننى بۇلۇت باستى. ئاردىن كۈن چىقتى. (قايغۇ ئارا خۇشاللىق كەلدى) بىلىڭلاركى، بۇ ياخشى» (52 - باب).

كىتابنىڭ ئاخىرى، يەنى ئاخىرقى گۇرۇپپىدىكى تېكىستلار تەربىيە تۈسىنى ئالغان. مەسىلەن «كۆرمىڭ ئاتقا ئىگە بولما، ئۇنىڭدىن ساڭا خۇشلۇق يوق. (ئاتسىز سىدىن ئەندىشىدىن خالى) مەرتىۋە قوغلاشما، ئۇنىڭدىن ساڭا بەخت يوق بىلىڭلاركى، بۇ يامان» (36 - باب).

روتنىڭ يېزىقىدا يېزىلغان بۇ ھېكمەتلەر كىتاۋىنى تەتقىق قىلغۇچىلار كىتاب تېكىستىنىڭ دىنى ئالاھىدىلىكلىرى ئۈستىدە ئوخشىمىغان پىكىرلەردە بولۇپ كەلدى. مەسىلەن. دەسلەپ تومسېن، ئۇنىڭ ئارقىدىن فون گاباين بۇ كىتاب تېكىستىنى مانىخېزىم تۈسىنى ئالغان دەپ قارىغان بولسا. س. يې مالوۋ ئۇنى شامانىزىم مەزمۇنىدىكى ئەسەر دەپ قارىدى. لېكىن، كىشىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلىپ قىلىدىغان يېرى شۇكى، كىتاب بابلىرىنىڭ ئاخىرىدىكى يەكۈن خۇلاسە ھەر قاچان ناھايىتى ئورۇنلۇق بولۇش بىلەن بىرگە، ھەر قانداق بىر ئوقۇغۇچى ياكى ئاڭلىغۇچى ئۈچۈن تامامەن چۈشىنىشلىك. دېمەك، ئاپتور ئەسەردە ئۇنىۋېرسال ئاممىباب ئۇقۇملاردىن پايدىلانغان. مەسىلەن، تەغدىر-تەكبىرنىڭ كىشىلەرگە بەخت ئاتا قىلىشى، خاننىڭ يۈرۈش ۋە شىكارلىرىنىڭ ئۇنۇملۇك بولۇشى، ئادەملەرنىڭ ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈشى، تەبىئى ئاپەتلەرنىڭ تۈگىشى، ئادەم ياكى ھايۋاناتلارنىڭ ئۆلۈمدىن ئامان—ئېسەن ئۆتۈشى، ئاتا ئانىسى بىلەن ئاراز لىشىپ قالغان ئوغۇلنىڭ قايتا ئۆز ئۆيىگە قايتىشى ۋاھاكازالار ياخشىلىقنىڭ بىشارىتى. ئۆي، مال ۋارانلارنىڭ تامامەن كۆيۈپ كېتىشى بۇغا بالىسىنىڭ ئاچ قېلىشى، تىرنىنىڭ شاخقا ئىلىنىشىپ ئۇچالماسلىقى، پۈتى خاتا تۇشۇلۇپ، ئاتنىڭ ئورنىدىن قوزغىلالماسلىقى ۋاھاكازالار — يامانلىقنىڭ بىشارىتى. خۇلاسىلاپ ئېيتقاندا، بۇ تەبىر نامە تۈركى خەلقلىرىنىڭ پەقەت شامانىزمىدىن بۇرۇنقى، ياكى شامانىزىم، مانىخېزىم دەۋرلىرىدىكى دىنى ئېتىقات شەكىللىرىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا بىزنى ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئېتىدىغانلىقى بىلەن قىممەتلىك بولۇپلا قالماي. بەلكى تۈركى خەلقلىرىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشتىن بۇرۇنقى ئادەتتىكى تۇرمۇشى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار بىلەن تەمىنلەپ شۇ جەھەتتىكى نەزەر دائىرىمىزنى كېڭەيتىدىغانلىقى بىلەن تېخىمۇ يۇقىرى قىممەتكە ئىگە. شۇنداقلا كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان پىكىرلەر ھەرگىزمۇ ئاپتور ياشىغان رىيال مۇھىتتىن ئايرىلىپ قالمىغان. مەسىلە بۇ يەردە تېكىستتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئادەم ۋە ھايۋاناتلار توغرىسىدىكى بايانلارنىڭ رىياللىقىدا ئەمەس،

بەلكى قويۇلغان ئىدىيەلەرنىڭ رونىك يېزىقىدىكى باشقا تېكىستلار بىلەن باغلى-
نىشلىق ئىكەنلىكىدە. مەسىلەن، كۈلتېگىن قەۋرە تېشىدىكى چۈك ئابىدە تېكىستىدە
دەسلەپتە تۈركى قاغانلىرىنىڭ تەختكە چىققانلىرى سۆزلىنىپ، ئارقىدىن «تۆت
تەرەپتىن (سۆزمۇ - سۆز تەرجىمىسى تۆت بۇلۇڭدىن) كەلگەن دۈشمەن ھەددى
ھېساپسىز ئىدى. ئۇ، يۈرۈش قىلىپ، تۆت تەرەپتىن كەلگەن جىمىكى خەلقلەرنى
تەسلىم قىلىپ، ئۇلارنى تىنچلىقتا كۆندۈردى. بېشى ئامانلىرىنى باش ئېگىپ تازىم
قىلىشقا، پۇتلىرى ساقلىرىنى تىزلىنىشقا مەجبۇر قىلدى» ۋاھاكازالار دىگەنگە ئوخ-
شاش بىر مەنزىرە بېرىلگەن. بىز بۇ كىتاپ تېكىستلىرىدىمۇ ئەنە شۇنىڭغا ئوخشى-
غان بايان ئۇسۇلىنى كۆرىمىز. «خان تەختكە ئولتۇرۇپ، بەرگاھنى قۇردى،
ئۇنىڭ دۆلىتى مۇستەھكەم تۇردى. تۆت ئەتراپتىن (سۆزمۇ - سۆز تەرجىمىسى
تۆت بۇلۇڭدىن) مويسىپىت ۋە مەرتىۋىلىكلەر جەم بولۇپ، شادلىق ۋە تەنتەنىگە
چۆمدى. ئېتىدۇر (بىلىڭلار) كى، بۇ ياخشى» (38 - باب). بۇ ئىككى تېكىستتىكى
پەرق شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بۇ كىتاپ ئاپتورى ئوقۇغۇچى ياكى ئاڭلىغۇچىنى
ياخشى يەكۈنگە ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن تامامەن تىنچ ۋە خاتىرجەم مەنزىرىنى گەۋ-
دىلەندۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭدىكى ۋەقەلىكلەرنىڭ بايان قىلىنىش تەرتىۋى
ۋە ئۇسۇلى بىزگە تونۇش ئورخۇن تېكىستلىرىنىڭكىگە تامامەن ئوخشىشىدۇ.

قەدىمقى تۈركى تىلىدىكى تەبىر نامە قەدىمقى تۈركىي نەزمى ئۇسلۇبىدا
يارىتىلغان ۋە شۇ ئۇسلۇپنىڭ ئۆلچەملىرىگە ئۇيغۇن يەنى ئۇ ئاھاڭدار شېئرىي
خۇسۇسىيەتكە، بەلگىلىك ئاللېتىراتسىيىلىنىش قايدىسىگە ئىگە. شۇنىڭ بىلەن بىر
ۋاقىتتا، بۇ تەبىرنامىدىكى بېيىتلار ئورخۇن تېكىستلىرىدىكىگە قارىغاندا. مەلۇم
تەرتىپكە ئىگە، شۇڭلاشقا ۋ. تومسېننىڭ كىتاپىنىڭ 8 ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرى، 9- ئەسىر
نىڭ باشلىرى يېزىلغانلىقى توغرىسىدىكى قارىشى ئانچە ئورۇنسىز بولمىسا كېرەك،

ۋ. تومسېن (قەدىمقى تۈركى رونىك يېزىقىدىكى تەبىرنامىنى تەتقىق قىلىش
جەھەتتە كۆرۈنەرلىك تۆھپە ياراتقان). بۇ كىتاپنىڭ ئەسلى پىروزا بىلەن يېزىلغا-
نلىقى توغرىسىدىكى قاراشنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە كىتاپتا
قاتار پاراللېل سۆزلەرنىڭ ئوخشاش بوغۇمدىن تەركىپ تېپىشى تەبىئى ئەھۋال
بولۇپ، ھەرگىزمۇ ئۆلچەملىكنىڭ ئىسپاتى بولالمايدۇ. ھالبۇكى، ۋ. تومسېن كىتاپ
تېكىستىنى يېزىلغىنى بويىچە. يەنى بېيىتلارغا ئايرىمىغان ھالدا ئوقۇغان، شۇڭلا-
شقىمۇ ئۇنىڭ تېكىستتىكى ئۇزۇن ياكى قىسقا جۈملىلەر ھەجمىنىڭ تەڭ بوغۇملۇق
پىرىنسىپى جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى نىسبى تەڭ بوغۇملارغا ئايرىلىش جەھەتلەر
دىمۇ بىر-بىرىگە باغلىنىشلىق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىشى تەبىئى ئەھۋال ئىدى.

ئەگەر ئۇ ئۇزۇن جۇملىلەرنى بۇغۇملار تۇپىغا (سىنتاگما) ئايرىغان بولسا، ئۇ چاغدا بۇ جۇملىلەرنىڭ ئىچىدە، بىر قانچە تەڭ بوغۇملۇق جۇملىلەرنىڭ بارلىغىنىلا ئەمەس (تومىسېننىڭ ئەسىرىدە يېزىلىشچە).
بەلكى پۈتۈن تېكىستىنىڭ تامامەن بوغۇم سانى ئاساس جەھەتتىن ئوخشاش بولغان مىسرالاردىن تۈزۈلگەنلىگىنى بايقىغان بولاتتى. مەنا جەھەتتىكى پاراللېلىقنىڭ بوغۇم سانى ئوخشاش بولغان جۇملىلەردىلا كۆرۈلۈشى مۇقەرەر ئەمەس.
ئەگەر جۇملە قۇرلىرىدا سۆزلەر بىر بىرى-بىلەن بوغۇملىرى تەڭ ياكى تەخمىنەن تەڭ بولۇش ئاساسىدىلا تاللانغان بولسا، ئۇنداقتا بۇنى پەقەت ئاپتورنىڭ مەقسەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇشى دەپ چۈشەندۇرۇش كېرەك. دىمەك، پۈتۈن تېكىستىنىڭ شۇنداق تەڭ بۇغۇملۇق مىسرالاردىن تۈزۈلگەنلىگى. قارىغاندا، مەلۇم ئۆلچەمنىڭ بارلىغىدىن دېرەك بەرسە كېرەك.

قەدىمقى تۈركى تىلىدىكى بۇ تەبىرنامىنىڭ نەزمى شەكىلدە يېزىلغانلىغى توغرىسىدىكى بۇ پاكىتنىڭ ئوتتۇرغا قويۇلۇشى ھىچقانچە ئەجەپلىنەرلىك بولمىسا كېرەك. مەسىلەن. ئا.فون گابايىن خەنزۇلارنىڭ «يى جىن»ناملىق كىتابىنىڭ تەسىرى بىلەن يېزىلغان تۈركى تىلىدىكى بىر پارچە ھىكمەتلەر كىتابى ئۈستىدە سۆزلەپ كېلىپ. ئۇنىڭ خۇلاسە-ھۆكۈم قىسمىنىڭ نەزمى شەكىلدە يېزىلغانلىغىنى ئېيتىدۇ. ۋ.د.سىمىر نوپىنىڭ بەرگەن مەلۇماتلىرىدىن قارىغاندىمۇ تەبىر تېكىستلىرىنىڭ نەزمى بىلەن يېزىلىش ئەنئەنىسى ئەينى ۋاقىتتا كەڭ تارقالغان بولۇپلا قالماي، بەلكى مۇقىملىققا ئىگە بولغان. سىمىر نوف ئۆز ئەسىرىدە 19- ئەسىرلەردىلا تۈركىيىدە (بولۇپمۇ ئاياللار ئارىسىدا) تۆت مىسرالىق بېيىتلار بىلەن يېزىلغان خاس تەبىر نامىلار نىڭ بارلىغىنى ۋە ئادەملەرنىڭ شۇ كىتاپلار ئارقىلىق ئۆز-لىرىنىڭ بولغۇسى توي ۋە باشقا ئىش -ئوقەتلىرىگە تەبىر بېرىدىغانلىقلىرىنى يازغان. شۇڭلاشقىمۇ، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ تەبىر نامىلارنى يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان كىتاپلارنىڭ يەنە بىر نۇسخىسى دەپ قاراشقا بولىدۇ.

«شەرق خەلقلىرىنىڭ تىلى، مەدىنىيىتى، تارىخى» ناملىق ماقالىلار توپلىمىدىن
(رۇسچە) تۇرسۇن رىشات تەرجىمىسى.
(بۇ كىتاپ موسكۋا، شەرق ئەدىبىياتى باش رىداكسىيەسى تەرىپىدىن 70- يىلى تۈزۈلگەن)

# ساتىرا ئىجادىيىتى توغرىسىدا

ھېزىم قاسىم

«ئاچچىقلانغان ھىسسىنىڭ كۈچلۈك ھامىسى، ئىنىرگىيىسى، ئالىجاناپ غەزەپنىڭ گۈلدۈرماما ۋە چاقمىقى» بولۇش سۈپىتى بىلەن تارىخ ۋە ئىجتىمائىي رىياللىقنىڭ پاسسىپ، قاراڭغۇ تەرەپلەرنى ئۆتكۈر ھەجۋىنىڭ يالقۇنلۇق ئوتى بىلەن كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، جەمئىيەت ئەخلاقىنى ياخشىلاشتا تەڭداشسىز كۈچكە ئىگە ساتىرا ژانىرىنىڭ ئۆز كىتابخانلىرى ئارىسىغا قايتىپ كەلگىنىگە بىر نەچچە يىل بولدى.

بىز ساتىرا ژانىرىنىڭ ئىجادىيەت تەرەققىياتى يولىنى ئەسلىگىنىمىزدە، ئۇنىڭ بارلىققا كېلىش، راۋاجلىنىش، ۋە يەنە بارلىققا كېلىشتىن ئىبارەت ئەگرى - توقاي يولنى بېسىپ ئوتتۇۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالماي تۇرالمايمىز.

يولداش ماۋزېدۇڭ خېلى بۇرۇنلا ھەجۋىنى بىكار قىلىۋېتىشكە ۋە ئۇنىڭغا قارا-قويۇق قارشى تۇرۇۋېرىشكە بولمايدىغانلىقىنى، خەلق ئاممىسىغا زىيان يەتكۈزىدىغان بارلىق قارا كۈچلارنىڭ ھەممىسىنى پاش قىلىپ، شۇ ئارقىلىق تۇمۇشنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇش لازىملىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئىدى. يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ چاقىرىقىغا ئاساسەن يازغۇچى، سەنئەتكارلار رىيالىزىمنىڭ يولىنى كەڭ ئېچىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ھەقىقى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۇلۇغۋار ئارزۇلىرىنىڭ تېزرەك ئەمەلگە ئېشىشىغا پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان خىلمۇ-خىل خاتا ئىدىيە، خاتا ئىستىل ۋە خاتا ھەركەتلەر پاش قىلىنغان زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ھەجۋى ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققان ئىدى. «ۋالاقتەككۈرۈۋنىڭ ئۆلۈمى»، «ساك مۇدىرىنىڭ ئاجايىپ تەدبىرى توغرىسىدا قوشاق»، «قولۇپلانغان كابىنىت»، قاتارلىق مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مانا شۇ چاغدا مەيدانغا كەلگەن ئىدى. ئەمما، بۇ ئەسەرلەر ئۇزۇن ئۆتمەي: «تۇرمۇشنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرى پاش قىلىنغان»، «پارتىيىگە، سوتسىيالىزىمغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىنغان»، «رەھبەرلىككە تۆھمەت قىلىنغان» «رىياللىق بۇرمىلانغان» دېگەنگە

ئوخشاش جىنايى بەدناملار بىلەن قارىلىنىپ، ئەدەبىيات گۈلزارلىقىدا ئۈنگەن «شۈمبۈيا» قىلىۋېتىلدى، ئەسەر ئاپتورلىرىمۇ بىھۇدە ئازار يېدى. نەتىجىدە، ساتىرا ژانىرى يېقىن يىللىغىچە بولمايدىغان «خەتەرلىك ئوق دورا ئىسكىلاتى»غا ئايلىنىپ قالدى. ساتىرا دىسە، كىشىلەرنىڭ تىنى جۇغۇلداپ، يۈرىكى سىقىلىدىغان بولۇپ قالدى.

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى تارىخىي زور بۇرۇلۇش ساتىرا ژانىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىگە گۈللەپ - ياشناش مەنزىرىسى ئېلىپ كەلدى. پۈتۈن مەملىكەت خەلقى «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش»قا قاراپ غەلبىلىك يۈرۈش قىلىۋاتقان بىر پەيتتە، بىر قىسىم ئەدىپلىرىمىز ساتىرادىن ئىبارەت ئىخچام، ئەمما، شىددەتلىك ئوت كۈچىگە ئىگە بۇ قورالنى قولىغا ئېلىپ، «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا» توسالغۇ بولۇۋاتقان يىرگىنچلىك، ئاخمىقانە، كۈلكىلىك ھەتتا قەبىھ قىلمىش ۋە ھەركەتلەرنى پاش قىلىدىغان زور بىر تۈركۈم ھەجۋى ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقتى. «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1982 - يىل 9 - ماي سانىدا ئېلان قىلىنغان «بايۋەچچىمەن» دىگەن ھەجۋى شېئىر مۇشۇ ئەسەرلەر ئىچىدە ساتىرىك خۇسۇسىيىتى نىسبەتەن كۈچلۈك، ئىجتىمائى ئەھمىيىتى نىسبەتەن چوڭقۇرراق بولغان ئەسەرلەرنىڭ بىرى. مەن بۇ ساتىرىنى نۇقتىلىق تەھلىل قىلىش ئارقىلىق ساتىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، يېڭى شارائىتتىكى رولى ۋە ئۇنى قانداق گۈللەندۈرۈش توغرىسىدىكى بەزى پىكىرلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەن.

ساتىرادا، پارتىيىنىڭ يېڭى ئىقتىسادى سىياسىتىنىڭ نۇرىدا مەيدانغا كەلگەن جەمئىيەت خاراكتېرلىق زور گۈللىنىش ۋەزىيىتى ئاستىدىكى بىر «يوچۇن قارىغۇ» يان تەرەپ توغرا مەيدان ۋە توغرا نۇقتىنەزەر بىلەن چوڭقۇر ئېچىپ تاشلانغان. ساتىرىدا قامچىلانغان «چونتىكى لىق ھايان بىلەن تولغان» «بايۋەچچى» كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىپ يۈرگەن، ھەتتا ئېلىم ۋە سىستېمىمۇ قىلىپ باققان، لېكىن ھېچكىم دىققەتمۇ قىلىپ كەتمىگەن، ئادەتتە ئۇچراپ تۇرىدىغان ئەتكەسچىلىكنى مۇقەددەس ۋە دەخلىسىز دەپ بىلىدىغان بىر ھايانكەش. ئۇ، پارتىيىنىڭ تىزگىنلىشى، نازارىتى ۋە يېتەكلىشى ئاساسىدا يولغا قويۇلۇۋاتقان ئىقتىسادى جەھەتتىكى «كەڭ قويىۋېتىش» نى «ياپىرايدىغان پۇرسەت» دەپ بىلىپ «لەشنى گۆش دەپ قۇشنى ئىندەككە كەلتۈرۈش»، «بىرنى ئىككى، ئوننى ئەللىك، يۈز قىلىش» نىيىتىدە دۆلەت قانۇنىدا چەكلەنگەن ھايانكەشلىك ۋە ئەتكەسچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، ئۇ «بىر كۈنى غۇلجىدا» پەيدا بولسا، ئەتىسى «قەشقەردە ياكى ئېلىچىدا»، «ئۈگۈنى شاڭخەيدە ياكى خاڭجۇدا» پەيدا بولىدۇ. «سىنچىلاپ تومۇر تۇتۇپ»، «قويىنى توپاق، توپاقنى

ئۆكۈز» قىلىپ، ھارامدىن تاپقان تاپاۋىتىنى، بىر تەرەپتىن، دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش
پىلانلاپ، ئومۇميۈزلۈك تەڭشەش سىياسىتىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش، بازار باھاسىنى
قالايمىقانلاشتۇرۇپ، دۆلەتنىڭ سودىسىنى ئوڭدا-قويۇش ئۈچۈن ئىشلەتسە، يەنە بىر تەرە-
پتىن، ئۇنى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋە رەھبىرى كادىر-
لارنى سىياسى، ئىقتىسادى، ئەخلاقى، روھىي جەھەتتىن چىرىتىپ «سودىسى» غا تېخىمۇ
راۋان «يول» ئېچىش ئۈچۈن ئايىماي ئىشلىتىدۇ. «بايۋەچچى» نىڭ نەزىرىدە
پۇل ھەممە «قۇلۇپقا» چۈشىدىغان ھەممە ھەرقانداق دەرىجىدىكى «مۇناسىۋەت ئېلمى»
بىلەن شۇغۇللىنىشقا، ھەتتا پارتىيىنىڭ يۇقۇرى دەرىجىلىك كادىرلىرىنى «سېتىۋېلىش»
قىمۇ بولىدىغان«ئەنگۈشتەر» بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن ئەرشى - ئەلاغا چىقىش تەھتى-ئەسىراغا
كىرىشكە مۇمكىن بولۇپلا قالماي، بەلكى ئەل ئارىسىدا جېدەل - ماجىرا پەيدا قىلىپ،
«ئۇ يۇرتلۇقنى بۇ يۇرتلۇققا»، ئۇ مىللەتنى بۇ مىللەتكە سېلىپ. سىياسى بۆلگۈن-
چىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقىمۇ بولاتتى. شۇنداقلا، «مارىلاپ، چېكىردىن ئۆتۈپ»
ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ خائىنىغا ئايلىنىپ كېتىش ئۈچۈنمۇ، يەنىلا پۇل كېرەك ئىدى.
شۇڭلاشقا «بايۋەچچى» نىڭ كۆزى ئەتكەسچىلىك تازا ئاقىدىغان «شياڭگاڭغا» چۈ-
شىدۇ-دە، خەلقنىڭ ئالتۇن كۆمۈچلىرىنى «دېڭىز-ئوكيان بويلاپ» سىرتقا ئېقىتماق-
چى بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن «مەنسۇۋى بار قېيناغا» تېپىش، قېيناغا بولغۇچىنىڭ
ئىگىچىسى ھەم «پۇلدار» ھەم «ئەرخۇمار» بولۇشتىن باشقىسى ھېچنىمىگە ئەرزى-
مەيتتى. «بايۋەچچى» تىمسىقلاپ يۈراپ يۈرۈپ دەل شۇنداق «قېيناغا» تاپىدۇ.
ۋە شۇنداق «خوتۇن» غا ئۆيلىنىدۇ. ئۇ، بىر تەرەپتىن، ھېلىقى «قېيناغىسى» نىڭ
ھىماتى ئاستىدا پېشىنى تۇرۇپ، ئۆزى بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقىپ «شياڭگاڭ»
سودىسىنىڭ «جەڭ دومبىغىنى» چالسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ھېلىقى «ئەرخۇمار»
جۈپتىنى يانتاياق قىلىپ، پۇل، ھىلە ئارقىلىق ئالغىلى بولمايدىغان قورغانلارنى
ئېلىپ، چىقمىغان دۆڭ، كىرمىگەن ئۆيى قالمايدۇ. ئۇلار «بىر تال تۈك بولسىمۇ
يۇلغىنىمىز يۇلغان» دەپ ئۇنىڭ بۆكىنى بۇنىڭغا كەيدۈرۈپ»، «سېزىلىپ قالغاندا،
باشقىلارغا قارا چاپلاپ» ياكى «ئۆز گۇناھىغا ئۇلارنى چېتىپ»، قولغا چۈشۈپ
قالغاندا، پارا بېرىپ، بولمىغاندا ھېلىقى «ئەرخۇمار» خوتۇنىنى ۋاستە قىلىپ
قۇتۇلۇپ، گۇناسىزلارنى تۇتۇپ بېرىپ، قىن-قېنىغا پاتماي تازا ماسلىشىپ
ئوقەتنى يۈرگۈزۈۋاتقاندا، «پۇۋدىمەي سوققان ھارام» شەپىسىز كېلىپلا، ئۇشتۇم-
تۇت ئۇنىڭ كېلىدىن بوغىدۇ — «بايۋەچچى» پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ
پولات تورىغا چۈشۈپ، قانات — قۇيرۇغى بوغۇشلىنىپ قالىدۇ. ئۇ شۇنداقلا
«شۇم نەپسىنىڭ ئەقلىگە مىنىۋالغانلىقى» نى ئېتىراپ قىلىپ، قىلمىغان

شۇملۇغى قالمىغانلىقى، «دۇنيا خورلۇق» نىڭ ئاخىرى خەلقى - ئالەم ئالدىدا ئۆزىنى رەسۋا قىلغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ. ۋە:

«تۇۋا قىلدىم، تۇۋا قىلدىم سودىيە،
مەن نومۇسسىز ئوگمىغان بايۋەچچەمەن.
پايدا دەپ قانۇننى كۆزگە ئىلمىغان،
ئۆز قېنىغا پاتمىغان «بايۋەچچەمەن»

دەپ پۇرسەتپەرەستلىك بىلەن ئۆتكۈزگەن جىنايى قىلمىشلىرىغا تۇۋا قىلىدۇ. ئۇ، بىر تەرەپتىن، قاقتى - سوقتى قىلىپ تاپقان مال دۇنياسىنىڭ بىردەمدىلا قولدىن چىقىپ تۇزۇپ كەتكەنلىكىگە چىدىماي يۈز ھەسسە غالجىرلىق بىلەن تېپىچەكلەپ ئۆزىنى - ئۆزى تىللاپ، كاچاتلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ ۋەھىمىسى ئالدىدا غال - غال تىترەيدۇ، قىلمىشىنىڭ ئېغىرلىقىدىن قورقۇپ پەريات چېكىدۇ، نالە قىلىدۇ. ھەمدە ئىككىنچى قانۇندىن چىقمايدىغانلىقىغا قەسەم ئىچىدۇ. مانا بۇ سوتسىيالىستىك قانۇن-تۈزۈم شارائىتىدا قانۇننى كۆزگە ئىلماي شىلتىڭ ئېتىپ يۈرگەن «بايۋەچچى» لەر ئۇچرايدىغان مۇقەررەر ئاقىۋەت. شېئىرنىڭ چوڭقۇر ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىمۇ مانا شۇ مۇقەررەرلىكنىڭ دەل توغرا تەسۋىرلەنگەنلىكىدە بولۇپ، ئۇنىڭدا «بايۋەچچى» تۇرمۇشىنىڭ ھەمدە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تاشقى فورمىلىرى ۋە ئىچكى يوشۇرۇن مەزمۇنلىرى بىر - مۇبىر ئەينەن كۆرسىتىلگەن. ئۇنىڭ «پەريادى، نالىسى، تۇۋىسى» مۇئىنتايىن رىيال ھەمدە كىتاپخانلار ئىشىنىدىغان تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىدە تەسىرلىك قىلىپ ئىپادىلەنگەن. بۇ شائىرنىڭ «بايۋەچچى» نىڭ خىلمۇ - خىل قانۇنسىز قىلمىشلىرى ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسلىق ئىككى تەرەپنى، يەنى زىيىنى ئەڭ زور، ۋاستىسى ئەڭ قەبىھ بولغان ئەتكەسچىلىك ۋە ئۇنىڭ «ئارقا سەپ تەمىناتچىسى» سۈپىتىدە كىشىلەرنى ئەڭ ئاسان ئازدۇرۇپ چىرىتىدىغان، جەمىيەتنى بۇلغاپ تىپ - تىچ ئۆزگەرتىۋېتىشكە «ئاۋانگارت» لىق رول ئوينايدىغان شەھۋانىلىقنى مەركەزلىك ھالدا قاتتىق پاش قىلغانلىقىدا. گەرچە، شائىر شەھۋانىلىق توغرىسىدا كەڭ توختالمىغان بولسىمۇ، ئۇنى «ئەر خۇمار» دېگەن بىر ئېغىز گەپ بىلەن ناھايىتى قاتتىق سېسىتىۋەتكەن. «بايۋەچچى» نىڭ قولغا چۈشۈپ قالغان ۋاقىتتىكى تۇۋانامىسىمۇ ناھايىتى چوڭقۇر ۋە ئاڭلىغان كىشىنىڭ كۆكسى - قارنى يايراپ، پۇخادىن چىققىدەك دەرىجىدە تەسىرلىك يېزىلغان بولۇپ، ئۇ جەمئىيىتىمىزدە ھىلىمۇ ئۇيقۇسىنى ئاچماي ئەسكىلىك

قىلىنىۋاتقان بىر ئوچۇم كىشىلەر ئۇچۇن ئېيتقاندا، ناھايىتى زور تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، ئۇلار «بايۋەچچىگە» ئوخشاش «پىر-ئۇستاز» لىرىنىڭ پات-پات قولغا چۈشۈپ پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ ھەققانىي جازاسىغا ئۇچراپ، «تۆۋە ئىستىغپار» ئوقۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆزى كۆرۈپ، قۇلىقى ئاڭلاپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭدىن ساۋاق ئالماي، يەنىلا جەمئىيەتنىڭ ھەرقايىسى بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىدا «قاراڭغۇ بۇرجەك» پەيدا قىلىپ، بۇرژۇئازىنىڭ ئەنئەنىۋى مۇلۇكچىلىك مەنپەئەتپەرەسلىكى بىلەن كەڭ شۇغۇللانماقتا. ئۇلار «ئالدىنقى ھارۋىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى كېيىنكى ھارۋىغا ساۋاق» قىلىپ ۋاستىلىرى تېخىمۇ زەھەرلىك، تېخىمۇ مۇرەككەپ بولغان ئەتكەسچىلىك بىلەن شۇغۇللانماقتا. تېخىمۇ چىرىتكۈچ ۋاستىلار بىلەن ياش ئەۋلادلارنى بۇزۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقىغا تەسىر يەتكۈزمەكتە، مال-دۇنيانى دەپ، دۈشمەنگە سېتىلىپ، ۋەتەن ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە دەخلى-تەرۇز يەتكۈزۈۋاتقانلارمۇ، قاتىللىق، ئوغرىلىق، ئوت قويۇش، بۇلاڭچىلىق ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، دۈشمەن ئۇنسۇرغا ئايلىنىپ كەتكەنلەرمۇ بار، ئەلۋەتتە. مۇنداق پايدىخورلۇقنى ئىدىئولوگىيە ۋە ئاڭ شەكلىدىكى ساھەلىرىگە سۆرەپ كىرىپ، رەڭمۇ-رەڭ خۇنۇك، پەسكەش، نامۇۋاپىق، ساغلام بولمىغان ھەرىكەت ۋە روھى ھالەت «جېڭى» بىلەن ھەپىلىشىۋاتقانلارمۇ بار. بۇ خىل قىلمىشلارنىڭ مەيلى، دوست دۈشمەن ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت خاراكتېرىغا ياتىدىغىنى ياكى خەلق ئىچىدىكى زىددىيەتكە ياتىدىغىنى بولسۇن ھەممىسى ھەم قانۇنسىز، ھەم ۋاقىتلىق. «بايۋەچچى» ساتىرىسىدا، شائىر ئۇنىڭ قانۇنسىز ۋە ۋاقىتلىقلىقىنى ناھايىتى ياخشى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ھەل قىلغاندىن باشقا، ئۇنىڭ جاھانغا پاتماي كۆرەڭلەپ كەتكەن ۋاقتىنىڭ دەل ئۇنىڭ ئەجىلى يېتىپ، سەكراتتا جان تالىشىۋاتقان ۋاختى ئىكەنلىكىنىمۇ ياخشى كۆرسىتىپ بەرگەن. شۇڭلاشقا، بۇ ساتىرا «قاراڭغۇ بۇرجەك» لەردە قانۇنسىز ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بارلىق كىشىلەرنى دەرھال ھوشىنى يىغىپ، پۇت-قولىنى يۇيۇپ، توغرا يولغا قايتىپ كېلىشكە ئۈندەيدىغان ئىچكى مەنە ۋە جاراڭلىق ئاۋازغا ئىگە.

ساتىرىدا تەسۋىرلەنگەن «بايۋەچچى» قارىماققا، بىر ئادەمدەك كۆرۈنگىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ «بىر ئوچۇم» ئادەملەر توپىدىن ئىبارەت. ئۇلار بۇ ساتىرىدا ئۆزى ياكى مۇشۇ «بىر ئوچۇملار» ئىچىدىكى قايسىبىر شېرىكى يېڭىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايدۇ. خىلمۇ-خىل قەبىھ، پەسكەش ۋاستىلىرى ۋە رەزىل روھى دۇنياسىنىڭ خەلقى-ئالەم ئىچىگە يېيىلىپ كەتكەنلىكىدىن يۈزى ئۆۋۈتىدۇ، خىجىل بولىدۇ، كۆڭلى دەككە-دۈككىگە چۈشۈپ، يۈرىكى پوكۇلدايدۇ. بىراق، ئۇلار «بۇقا ھۆكۈرەيدۇ، توكى تىترەيدۇ» دىگەندەك تىترەپ تۇرۇپ، قولغا چۈشكەنگە قەدەر

قىلىدىغىنىنى قىلىۋېرىدۇ. كونىسى تۈگىسە يېڭىسى ئورنىغا چىقىدۇ. ئۇ خىل چارىسى ئاقمىسا بۇ خىل چارىسىنى ئىشقا سالىدۇ. شۇنداق قىلىپ قاراڭغۇ تەرەپ يورۇغلۇق تەرەپنىڭ بىر كەسمىسى سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋېرىدۇ. شۇڭلاشقا، جەمئىيەتتىكى بۇ خىل قاراڭغۇ تەرەپلەر پورۇلېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى بەلگىلىگەن. بىر قىسىم كىشىلەر بۇ پاكىتنى ئاغزىدا ئىقرار قىلسىمۇ، قاراڭغۇ تەرەپلەرنى سەنئەت ۋاستىلىرى ئارقىلىق پاش قىلىش، ھەزىل ۋە تەنقىت ئاستىغا ئېلىشتىن تەپ تارتىدۇ. بۇنىڭ ئايرىم ئوبيېكتىپ سەۋەپلىرىدىن باشقا، سوبيېكتىپ جەھەتتە قاراڭغۇ تەرەپكە بولغان كۆز قاراشنىڭ توغرا بولمىغانلىقى مۇھىم سەۋەپلەرنىڭ بىرى.

ئۇنداق بولسا، جەمئىيىتىمىزنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنى يېزىشقا بولامدۇ-يوق. مېنىڭچە، بۇنى تۆۋەندىكى نۇقتىلار بويىچە كونكرېت تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىرىنچى، بىزنىڭ يازغىنىمىز قانداق دائىرە ۋە قانداق خاراكتېردىكى قاراڭغۇ تەرەپ؟ ئۇ، ھەممە ئادەم بىردەك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان، بىردەك لەنەت-نەپرەت ياغدۇرۇۋاتقان، دەرھال تۈگىتىش ۋە يوقىتىشنى تەلەپ قىلىۋاتقان، نىسبەتەن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، خەۋپى نىسبەتەن زور «چوڭ» تەرەپمۇ، ياكى ئايرىم، يەككە-يېگانە، قىسمەن دائىرىدىكى «ئۇششاق» تەرەپمۇ؟ ئىككىنچى، ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى، ئىدىيىۋى پەزىلىتى، خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئىستىلى، تونۇشى، دۇنيا قارىشى جەھەتتىكى خۇنۇك نەرسىلەرمۇ؟ ياكى، ئۇ، بىرەر ئۇقۇم تەرىقىسىدىلا مەۋجۇت بولۇپ، پاكىت ئاساسلىرى تولۇق بەرمەيدىغان، بەكمۇ پارچە پۇرات بولغان ئادەتتىكى نەرسىلەرمۇ؟ ئۈچىنچى، ئۇ تۇرمۇشتا بار نەرسىمۇ، ياكى تۇرمۇشقا تېڭىلغان، ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان، خۇسۇسى مۇددىئا چىقىش نۇقتىسى قىلىنغان نەرسىمۇ؟ بىرىنچى خىل ئەھۋال بولىدىكەن، ساتىرىنىڭ تىغ ئۇچىنى ئۇنىڭغا قارىتىپ، قاتتىق پاش قىلىش، «بۇ ساھەدە شەپقەتسىز ھەركەت قىلىش كېرەككى، قانچىلىك شەپقەتسىزلىك قىلىنسا، شۇنچىلىك ياخشى بولىدۇ» ئىككىنچى خىل ئەھۋالدا تەنقىت، مەسخىرە قاتتىق بولۇش، لېكىن تەربىيىلەش، ئۆزگەرتىش ئاساس قىلىنىش، بىرلا ئىشتىرىپ سۇغا غەرق قىلىۋېتىلمەسلىكى لازىم. ئۈچىنچى خىل ئەھۋال، ئەلۋەتتە توغرا ئەمەس. چۈنكى، ساتىرىلاردا ئەكس ئەتتۈرۈلىدىغان تۇرمۇش چىنلىقى بەدىئى چىنلىق ۋە تۇرمۇش ماھىيىتى چىنلىقى بولۇپ، ئومۇملاشتۇرۇلغان، تىپىكلەشتۈرۈلگەن، تۇرمۇش يېزىلغاندىلا، ئاندىن ئۇ، ناھايىتى زور بەدىئى قىممەتكە ئىگە بولالايدۇ.

قاراڭغۇ تەرەپلەرنى پاش قىلىشتىكى چەك-چېگرا شۇكى، ئۇنىڭ ھاياتلىق ماھىيىتى ئەمەس، ھاياتلىق ھادىسىسى؛ ئومۇملۇق ئەمەس، قىسمەنلىك؛ ئەبەدىلىك

ئەمەس، ۋاقىتلىق؛ قانۇنلۇق ئەمەس، قانۇنسىز؛ كۈچلۈك ئەمەس، زەئىپ؛ ئىستىقباللىق ئەمەس، زاۋاللىغا يۈز تۇتقان نەرسە ئىكەنلىكىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىش. مۇبادا بۇنىڭغا دىققەت قىلماي «قاراڭغۇ» تەرەپنى پاش قىلىمىز، دەپ پاش قىلىشنى ئاددىيلاشتۇرۇپ قويۇشقا، داشقاينىق قىلىۋېتىشكە، تۇرمۇش چىنلىقى دەپ نىمە بولسا، شۇنى يېزىپ قويۇشقا، ھەتتا، ئۇنى يۇۋۇلەپ-كۆپتۈرۈپ سوتسىيالىستىك جەمىيەتكە، پارتىيىنىڭ فاڭجېن-سىياسەتلىرىگە قارشى مۇقام توۋلاشقا ئايلاندۇرۇۋالساق، بۇ ماركسىتىك توغرا مەيدانۋە توغرا كۆز قاراش بولماي قالىدۇ. «بايۋەچچى» ساتىرىسىدا بۇ خىل چەك-چېگرا ناھايىتى ياخشى بىر تەرەپ قىلىنغان بولۇپ، شائىر «بايۋەچچى» تۇرمۇشىدا گىرەلىشىپ كەتكەن ئىككى خىل زىددىيەتنىڭ ھەر ئىككىلىسىگە تەڭ ئەھمىيەت بەرگەن. لېكىن ساتىرىنىڭ ئوت كۈچىنى «بايۋەچچى» نىڭ قانۇنسىز قىلمىشلىرىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا قارشى شىددەتلىك ئوت ئاچقان، زەربە بەرگەن.

ساتىرىدا بىز ئۆگىنىشكە، قوبۇل قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن نەرسىلەر بار.

بىز «بايۋەچچى» ساتىرىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىدىن ساتىرىنىڭ تەگسىلا ۋەيران قىلىدىغان بىر پاي ئوق، تېگىسلا قان-يىرىڭنى ئاقتۇزۇۋېتىدىغان بىر تال نەشتەر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. بىراق، ساتىرىنىڭ رەزىللىكلەرنى پاش قىلىشى ئالىيجاناپلىقنى مەدھىيىلەش، كەمچىلىكلەرنى ئېچىپ تاشلىشى ئۇتۇغلۇقنى گەۋدىلەندۈرۈش، سەلبىي ھادىسىلەرنىڭ غالجىرلىقىنى تەسۋىرلىشى كىشىلەرنىڭ سەلبىي ھادىسىلەرگە بولغان غەزەپ-نەپرىتىنى قوزغاش، ئىجابىي نەرسىگە بولغان مۇھەببىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن بولۇش كېرەك. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ساتىرىنىڭ بىردىن-بىر خۇسۇسىيىتى بارلىق زۇلمەتلىك نەرسىلەرگە چاقماق بولۇپ ئېتىلىش، قامچا، كالتەك بولۇپ تېگىش. ئۇ، مەدھىيە ئەمەس، ۋەز-نەسىھەتمۇ ئەمەس. شۇنداقلا، ئۇ تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن ئىشلاردىن قوراشتۇرۇپ چىقىلغان «ئويدۇرما»، «بۆھتان» مۇ ئەمەس. «ئاڭلىغان ئادەم ئاغزىنى ئېچىپ قالغىدەك غەلىتە پاراڭ» مۇ ياكى غەلىتە ھادىسە مۇ ئەمەس. ئۇنىڭدا يېزىلغان ئىشلار ئاشكارا، دائىم ئۇچراپ تۇرىدىغان، ئادەتتە ھېچكىم ئەجەبلىنىپمۇ كەتمەيدىغان، ھەتتا، ھېچكىم دىققەتمۇ قىلمايدىغان... ئىشلار» ساتىرا، ئەشۇنداق ئىشلارغا «ئۆز ھېسسى ئارقىلىق» قارىغان شائىرنىڭ ناھايىتى ئېچىتىپ ئېيتىلغان بىر ئېغىز ئاچچىق گېپى، جانىنى ئالىدىغان زەھەرلىك كۈلكىسى. ساتىرا مۇشۇ خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن «جۇغى» كىچىك، ئەمما، ۋەھىمىسى زور، جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك بىر قورالغا ئوخشايدۇ. ئۇ «ئېتىلىشى» بىلەنلا، جەمىيەتنىڭ ھەممە قاتلاملىرىدا قاتتىق زىل-زىلە پەيدا قىلىدۇ. زۇلمەتلىك نەرسىلەر ئۇنىڭدىن قورقۇپ ئۆزىنى دالدىغا ئالىدۇ.

كىمدۇ، بىراۋلار ئۇنى ئۆزىگە ئېلىپ كېتىپ چىچاڭلىشىپدۇ، ئۇيقىسى قاچىدۇ، ئىشتىھاسى كېمىيىدۇ. بۇ ئەشۇ ساتىرا پەيدا قىلغان ئىجتىمائىي ئۇنۇمنىڭ ئىنتايىن كارامەتلىكىنى، ئەشۇ ساتىرا ئەسىرىنىڭ ئىنتايىن مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققانلىقىنى، «تېگىش» تىن ئىبارەت ۋەزىپىسىنى ناھايىتى ياخشى ئادا قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىز ساتىرىك ئەسەرلەرنىڭ مۇشۇنداق «تېگىشى» نى، تېگىش بىلەنلا يامان ئىللەتلەرنىڭ جېنىنى ئالىدىغان بولۇشىنى قۇۋۋەتلەيمىز. ئەگەر ئۇنى ساتىرىك ئەسەر دېگىلى بولمايدۇ. بەزىلەر ساتىرىنىڭ مۇشۇ خۇسۇسىيىتىنى چۈشەنمەي، ئۇنى دېسىمۇ «تېگىپ كېتىدىكەن»، بۇنى دېسىمۇ «تېگىپ كېتىدىكەن» دەپ، ئۇنىڭ «تېگىپ كېتىشى» دىن قورقىدۇ. ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى «تېگىش» تۇرسا، يەنە كېلىپ يامان ئىللەتلەرگە «تېگىپ كېتىدۇ» غان تۇرسا «تېگىپ كېتىدىكەن» دەپ قورقۇشنىڭ نېمە ھاجىتى. قورالنى ياسىغان ئادەم، ئۇنى دۈشمەنگە تېگىدۇ، دەپ ياسايدۇ، ئەگەر ئۇنى قورال دېگىلى بولامدۇ؟ دۈشمەنگە تەگسۇن دەپ ياسىغان قورالنى ئەمەلىي جەڭدە ئىشلەتكەندە «تېگىپ كېتىدىكەن» دەپ ئاتمىسا، دۈشمەننىڭ قورالى ئاستىدا ھالاك بولماقتىن باشقا چارە يوق. خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ساتىرا قەبىھلىكلەرگە قارشى ئاتىدىغان قورال بولغان ئىكەن، ئۇنىڭ قەبىھلىكلەرگە «تېگىپ كېتىشى» ناھايىتى ياخشى ئىش. «تېگىپ كېتىدىكەن» دەپ قورالنى ئىشقا سالمىغانلىق قەبىھلىكلەرگە يول ئېچىپ بەرگەنلىك بولىدۇ خالاس. ساتىرىنىڭ «تېگىپ كېتىشىدىن» قورقىدىغان بولساق، ئۇ ھالدا، بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىمىزنىڭ ۋەزىپىسى يورۇغلۇقنىلا مەدھىيىلەش، قاراڭغۇلۇقنى پاش قىلماسلىق بولۇپ قالغان بولىدۇ. ئۇ چاغدا، جەمئىيىتىمىزدە پەقەت يورۇغلۇقلا بار، قاراڭغۇلۇق يوق دېگەن سولچىل مېتافىزىكىلىق كۆز قاراش ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتىۋالغان بولىدۇ. يورۇقلارنى مەدھىيىلەشنى بانا قىلىپ، قاراڭغۇ تەرەپلەردىكى زىددىيەتلەرنى يېپىش، ھەتتا، ئۇنى بوياپ، پەدەزلەپ كۆرسىتىش ناھايىتى زىيانلىقكى، قىلچىمۇ پايدىسى يوق.

سوتسىيالىستىك يېڭى دەۋردە مەدھىيىلەشكە ئەرزىيدىغان يېڭى ئادەم، يېڭى ئىشلار ناھايىتى كۆپ بولۇش بىلەن بىللە، پاش قىلىش ۋە كۈرەش قىلىشقا تېگىشلىك بولغان يامان ئىللەتلەرمۇ ئاز ئەمەس. شۇڭلاشقا بىزگە مەدھىيىلەشلا كېرەك بولۇپ قالماستىن، بەلكى ھەجۋىمۇ مەڭگۈ كېرەك. ئۇنى تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ. «ھەجۋىنى يېزىشقا بولمايدۇ ئەمەس، بەلكى مۇشۇ ژانىر بويىچە مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان ئەسەرلەرنى يېزىپ چىقىشىمىز بولىدۇ» گەپ سىزنىڭ قاراڭغۇ تەرەپنى يېزىش ئارقىلىق يورۇقلۇقنى چاقناپ تۇرغان تەڭداشسىز كۈچ - قۇدرىتىنى، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ دىئالېكتىكىسىنى كۆرسىتىپ بېرىش - بېرەلمەسلىكىڭىزدە.

(ئۈچىنچى ژورنال) 新疆民族文学研究

نەشر قىلغۇچى ئورۇن:
شىنجاڭ مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى ژورنال تەھرىر بۆلۈمى.
ئادرېس:
ئۈرۈمچى شەھرى بېيجىڭ كوچىسى، تېلېفون نومۇرى: 37287
باسقۇچى ئورۇن:
شىنجاڭ ئىجتىمائى پەنلەر ئاكادېمىيىسى باسما زاۋۇدى
ش ئۇ ئا ر. گېزىت - ژورناللارنى تىزىملاش نومۇرى 774.

بىر سان ژورنالنىڭ باھاسى 30 فۇڭ.